دۇنياۋى مەشهۇر باللار ئەسرى

فېلىكس سالتېن (ئاۋسترىيە)

# بەمبى



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : خەمدەنىسە ئالىم



1932 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەنگلىيە-
لىك يازغۇچى جون گالسۋورسى بۇ ئەسەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن:
«‹بەمبى› تولىمۇ ھوزۇرلۇق كىتاب. راست گېپىمنى قىلسام،
ھايۋانات ھەققىدە يېزىلغان ھەرقانداق بىر كىتابنى ئورماندىكى
بۇغىچاقنىڭ تۇرمۇشى يېزىلغان مۇشۇ كىتابقا تەڭ قىلغۇم كەلمەي-
دۇ... بۇ كىتابنىڭ ئۇتۇقى شۇ يەردىكى، دىيالوگلاردىن سۆزلەۋات-
قان ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ چىن ھېسسىياتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.
چۈشىنىشلىك ھەم رەڭدار، بەزى جايلىرى كىشىنى ئاجايىپ ھايا-
جانغا سالىدۇ. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ...»

مائارىپ مىنىستىرلىقى تەۋسىيە قىلغان ئوقۇشلۇق
باللارنى باتۇرانە، مۇستەقىل، ئۈمىدۋارلىق
بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان نادىر ئەسەر



ISBN 978-7-5573-0216-0

定价： 25.00元



— ھەي بۇغىچاق، ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم بەمبى.

فېلىكس سالتېن (ئاۋستىرىيە)



# بەمبى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات ئىلياس

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

مۇھەررىرى: پەرىدە شەمشىدىن، ئايگۈل ھاشىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلشات ئىدرىس
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن



# بەمبى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات ئىلياس

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.edu.cn
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ چاۋياڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باستى

*

فورماتى: 1230 × 880، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 7
2017 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
2017 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1— 3000
ISBN 978-7-5573-0216-0

باھاسى: 25.00 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ، بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: (0991)7606134، 2868290

# نەشرىياتتىن



فېلىكس سالتېن (1869 ~ 1947) ئاۋسترىيەلىك يازغۇچى. ئۇ ئەسلى ۋېنگىرىيەدە تۇغۇلغان بولۇپ، بىر ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلە بويىچە ئاۋسترىيەنىڭ ۋېيېننا شەھرىگە كۆچۈپ بارغان. ۋېيېننا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپە ۋە دىراماتورگىيە ئۆگەنگەن. مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن دىراما ئوبزورچىسى ۋە گېزىت مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن، دىراما ۋە ھېكايىلەرنىمۇ يازغان. 1938 - يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرى ئاۋسترىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەھۇدىي بولغانلىقى سەۋەبلىك ئامېرىكىغا سەرگەردان بولۇپ بارغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئاۋسترىيەگە قايتىپ كەلگەن.

سالتېن ھايۋانات ھېكايىلىرىنى يېزىشقا خېلى بۇرۇنلا تۇتۇش قىلغان بولۇپ، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بەمبى»، «فلورېنسىيە ئوۋ ئىتى»، «ئون بەش توشقان»، «ئاكا - ئىنى»، «ئاسلانچاق دىبىب»، «بەمبىنىڭ باللىرى» قاتارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلىرىدە ئۇ: «ھايۋاناتنى داۋاملىق ئادەملەشتۈرۈپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئادەملەرنىڭ ھايۋانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلغان.




سالتېن «بەمبى» ناملىق بۇ ئەسىرى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان.







ئۇنىڭدا بەمبى ئىسىملىك بىر بۇغىچاق سالتېنىنىڭ باشقا
ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئادەملەشتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن.

1932 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن
ئەنگلىيەلىك يازغۇچى جون گالسۋورسى بۇ ئەسەر ھەققى-
دە مۇنداق دېگەن: «‹بەمبى› تولىمۇ ھوزۇرلۇق كىتاب.
راست گېپىمنى قىلسام، ھايۋانات ھەققىدە يېزىلغان
ھەرقانداق بىر كىتابنى ئورماندىكى بۇغىچاقنىڭ تۇر-
مۇشى يېزىلغان مۇشۇ كىتابقا تەڭ قىلغۇم كەلمەيدۇ...
بۇ كىتابنىڭ ئۇتۇقى شۇ يەردىكى، دىيالوگلاردىن سۆز-
لەۋاتقان ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ چىن ھېسسىياتىنى ھېس قىل-
غىلى بولىدۇ. چۈشىنىشلىك ھەم رەڭدار، بەزى جايلىرى
كىشىنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدۇ. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ نا-
دىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ...»

بۇ ئەسەر دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم
كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر 1923 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، 1928 ـ يىلى
ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىش بىلەن شۇ يىللىق بازارلىق
كىتاب بولۇپ قالغان. 1933 ـ يىلى سالتېن
10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا بۇ ئەسىرىنىڭ
فىلىم قىلىپ ئىشلىنىش ھوقۇقىنى سىدنېي فى-
رانكلىنغا سېتىپ بەرگەن. ئاندىن سىدنېي ئۇنى دېس-
نى كىنو شىركىتىگە سېتىۋەتكەن. 1942 ـ يىلى
«بەمبى» كارتون فىلىمى قويۇلۇشقا باشلىغان. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن تىللارغا
تەرجىمە قىلىنىپ ئىزچىل ياقتۇرۇشقا ئېرىشىپ
كەلمەكتە.









سالتېن 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سىيۇرىختا
78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.



# 1 ـ باب

ئۇ، ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىكى چاتقال ئوراپ تۇرغان خىلۋەت بىر ئۇۋىدا تېخى ھېلىلا دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇۋا ئەتراپى ئوچۇقچىلىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەتراپىنى دەرەخ شاخلىرى مەھكەم ئوراپ تۇراتتى.

ئۇۋا چوڭ بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئاپىسى ئىككىسى سىغاتتى.

ئۇ ئىنچىكە، ئاجىز پۇتلىرىنى تىرەپ ئاران ـ ئاران ئۆرە تۇرۇپ ئەتراپىقا باقتى، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. شۇڭلاشقا خارامۇش ھالەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، دىر ـ دىر تىترىگىنىچە تۇرىۋەردى.

— نېمىدېگەن ئوماق بوغىچاق! — دېدى بىر سېغىزخان شاراقشىپ.

بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان سېغىزخان بولۇپ، ئۇ ئەتراپتىكى بىر دەرەخنىڭ شېخىغا كېلىپ قوندى. ئۇ، بەمبىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئازابلىق ئىڭرىغىنىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى.



— بەك چىرايلىق بۇغىچاق ئىكەن! — دېدى
سېغىزخان يەنە شاراقشىپ. ئۆزى بىلەن ھېچكىمنىڭ
گەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە دېدى، —
ۋاھ، نېمىدېگەن قالتىس، تۇغۇلۇپلا ماڭالايدىكەن! ھەقىقەتەن قى-
زىق! بۇرۇن بۇنداق ئىشنى ئۇچرىتىپ باقماپتىكەنمەن. سىزمۇ بىلى-
سىز، مەن تېخى كىچىك، ئۇۋامدىن ئايرىلغىلى ئەمدى بىر يىل بول-
دى. لېكىن، بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپلا ئۆرە تۇرالىغىنىغا بەكلا ھەيران
قېلىۋاتىمەن. ھەقىقەتەن قالتىسكەن! مېنىڭچە، سىلەر بۇغا جەمەتىدى-
كىلەر ھەممىڭلارلا ئالاھىدە ئىكەنسىلەر. ئۇ يۈگۈرىيەلەمدۇ؟
— يۈگۈرەلەمدىكى، — دېدى مارال ئانا بوشقىنا، — لېكىن
ئەپۇ قىلىڭ، ھازىر سىز بىلەن پاراڭلاشقىلى چولام يوق، ئىشىم تولا.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنىممۇ ئاجىز.
— مېنىڭمۇ سىلەرنى پاراكەندە قىلغۇم يوق، — دېدى سېغىز-
خان، — راستىنى ئېيتسام مەنمۇ ئالدىراش. ئەمما زە مۇنداق ئىش
كۆندە ئۇچراپ تۇرمايدۇ دەڭا. سىزگە دەپ بەرسەم، بىز سېغىزخانلار
بەك ئاۋارە. چۈجىلىرىمىز تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ئۇۋىدا مېنى باق
دېيىشىپ مىدىر - سىدىر قىلماي يېتىشىلا بىلىدۇ. بۇلارنى دېسەم چۈ-
شەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئۇلار ئۆركىگەك بول-
غاچقا، ئۇلارنى بېقىش ۋە قوغداش بەك تەس.
ئويلاپ بېقىڭچۇ، ھەم چۈجىلىرىمىزگە ئوزۇق-
لۇق ئىزدەپ، ھەم ئۇلارغا بىرەر ئىش بولۇپ
قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ يۈرۈش ئاسانمۇ! مەن
بولمىسام، ئۇلارنىڭ ھايات تۇرۇشى ئەسلا
مۇمكىن ئەمەس. سىزچە دېگەنلىرىم توغرىمۇ -
خاتا؟ ئۇلارنىڭ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالغۇدەك
بولۇشىغا تېخى بالدۇر. پەي - قاناتلىرى چىق-
قاندىلا ئاندىن ئىس-
كەتكە كىرىشىدۇ.





— كەچۈرۈك، — دېدى مارال ئانا، — گەپ قىلمىسىڭىز بوپتىكەن.

سېغىزخان ئۇچۇپ كەتتى. «دۆت، — دەپ ئويلىدى مارال ئانا، — ئېسىلزادە، قالتىس كۆرۈنگىنى بىلەن ئەجەب دۆت نېمىكەنا ئۇ!»

مارال ئانا سېغىزخاننىڭ كېتىپ قالغىنىنى تۇيمىغاندەك ئالدىدىكى بۇغىچىقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى يالاشقا باشلىدى. يالاشلىرى ئۇنىڭغا چەكسىز ھۇزۇر ئاتا قىلدى.

بۇغىچاق تېخىچىلا خاراموش ھالەتتە بولغاچقا، ئاپىسىنىڭ يالاشلىرىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە، يەنە رۇسلىنىپ جىممىدە تۇردى. قىزغۇچ مويلىرى سەل رەتسىز بولسىمۇ، ئاق چېكىملەر ئالاھىدە چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. سەبىي يۈزى تېخىچىلا ئۇيقۇچان كۆرۈنەتتى.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ئەتراپىنى ئورمان ياڭىقى، كورنۇس، پىرۇنېللا ھەمدە يۇمران بۇزۇن دەرەخلىرى بۈككىدە ئوراپ تۇرغان، ئۈستىدە ئېگىز زەرەڭ، بۆك ۋە كاۋچۇك دەرەخلىرى يېشىل گۈمبەز ھاسىل قىلغان؛ دەرەخلەر ئارىسىنى قارا تۇپراقنى يېرىپ چىققان ھەر خىل سارچى تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر، ياۋا پۇرچاق، مەرمەرەكلەر قاپلىغان. ئۇلارنىڭمۇ تېگىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رۇخسار گۈل، پورەك ياراي دەپ قالغان بۆلجۈرگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى زىچ گىرەلىشىپ، ئانا يەرگە چىڭ يېپىشىپ تۇراتتى. سەھەر ئاپتىپى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن تال ـ تال زەر نۇرلىرىنى سېپىپ تۇراتتى. پۈتكۈل ئورمان تۈرلۈك ـ تۈمەن شوخ ئاۋازلاردىن شادىيانە تۈسكە تولغانىدى. سوپىسوپىياڭلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى، كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى، تاغ تورغىيىنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، چۈمچۈقلارنىڭ ۋىچىلداشلىرى، قارا قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئارىلاپ يەنە ئورمان ئالا قاغىسىنىڭ سوقۇشقاندەك ئەنسىز قىرقىلاشلىرى، سېغىزخانلارنىڭ قاقاھلاپ كۈل-



گەندەك شاراقلاشلىرى ھەمدە قىرغاۋۇللارنىڭ ياڭراق ئاۋازدا قاقاقلاشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بەزىدە تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ قىسقا، ئەمما جاراڭلىق قىقىلاشلىرى بارلىق ئاۋازلارنى بېسىپ كەتسە، بەزىدە بۇركۇتنىڭ كۈچلۈك سايرىشى دەرەخلەر ئۈستىدىكى ئاسماننى لەرزىگە سالاتتى. تۇرۇپلا يەنە قارا′قاغلار ئۆزلىرىنىڭ بوغۇق ئاۋازىنى ھەممىگە ئاڭلاتماقچى بولغاندەك ھە دەپ قاقىلدىشىپ كېتەتتى.

شاكىچىك بۇ شادىيانە كۈلكە - چۇقانلارنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇلارغا قۇلاق سالمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ.



خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئورماندىن كۆتۈرۈلگەن تۈرلۈك پۇراقلار بىلەنمۇ پەرۋايى پەلەك. ئاپىسى ئۆزىنى يالىغاندا مۇسكۇللىرىنىڭ يۇمشاق غىرتىلداشلىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ھىدتىن باشقا ھېچ نەرسىگە دىققەت قىلمايتتى. خاراموشلۇق ئىچىدىكى بۇ تۇيغۇدىن قەۋەتلا راھەتلىنىپ، ئاپىسىنىڭ قوينىغا يېپىشىپ ئاخىر ھاياتىدىكى ئەڭ ئېھتىياجلىق بۇلاقنى تېپىۋالدى.

ئۇ ئېمىشكە باشلىغاندا ئاپىسى بۇ يۇرەك پارىسىنى داۋاملىق يالىغاچ ئاستاغىنا:

— بەمبى، — دەپ چاقىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھەربىر شەپەنى زەن قويۇپ تىڭشاپ، ھاۋادىكى ھەر خىل پۇراقلارنى ھىدلاپ تۇراتتى.

ئۇ، بوۋىقنى يەنە يالىغىنىچە ئۇنىڭغا ئەمىنلىك ۋە بەخت تىلىدى.

— بەمبى، — دەيتتى ئۇ يېنىش - يېنىشلاپ، — مېنىڭ بەمبىرىم.



## 2 - باب

يازنىڭ بېشى، كۆپكۆك ئاسمان تېگىدىكى جىمجىت دەرەخلەر غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىشىپ قۇياش نۇرىنى باغاشلىماقتا. ئورماننى غۇژمەك - غۇژمەك چاتقاللار باسقان، پاكار دەرەخلەرنىڭ ئاق، قىزىل، سېرىق چېچەكلىرى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇراتتى. بەزى دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە شاخلىرى غۇچچىدە مېۋىلەپ كەتكەن. يۇمران، چىداملىق مېۋىلىرى بەئەينى تۈگۈكلۈك كىچىك مۇشتۇملارغىلا ئوخشايتتى. يەردە ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر تاڭ ساباسىغا تولغان ئورمانغا تېخىمۇ جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىپ، كۆكۈللەرنى خاتىرجەملىك ۋە قىزغىنلىققا چۇلغايتتى. گۈل - گىياھ ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ خۇش پۇرىقى، نەم تۇپراق ۋە ياغاچلاردىن چىقىۋاتقان ھىدلار قوشۇلۇپ ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ھەر قېتىم تاڭ يورۇغان ۋە كۈن پاتقان مەزگىلدە پۈتكۈل ئورمان ئاجايىپ قايناپ - تاشقىنلىققا تولاتتى. ھەسەل ھەرىلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ هارمايتتى. يەنە خىلۋەتلەردە غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان سېرىق ھەرە، بوغۇنلارمۇ بار.

بەمبى مانا مۇشۇنداق كۈنلەر ئىچىدە بوۋاقلىق دەۋرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىنى ئۆتكۈزدى.

ئۇ ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئورمان ئىچىدىكى تار چىغىر يولدا كېتىپ باراتتى. بۇنداق يولدا مېڭىش قانچىلىك كۆڭۈللۈك - ھە. بۈككىدە ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭ ئىككى بىقىنىغا سۈركىشىپ يانغا ئېگىلىپ تۇرغان. چىغىر يول تۇسۇلۇپ قالغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇلار ئازادە









ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئورماندىن ئۆتىدۇ. ئاپىسىنىڭ بۇ ماڭغۇبىرىدۇ. ئورماندىكى يوللارنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق، يوللاردىن بىلمەيدىغىنى يوق. بەزىدە بەمبى بىرەر چاتقالغا توسۇلۇپ بۇ يېشىل تامدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالغۇدەك بولسا، ئاپىسى كۆچمەيلا ماڭار يولنى تېپىپ بېرىدۇ.

بەمبى دائىم تۇرلۇك مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ، ئاپىسىدىن ئۇ نېمە، بۇ نېمە دەپ سوراپلا تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىزىقارلىق ئىش ئىدى. كاللىسىدا نېمىشقا مۇشۇنچىۋالا كۆپ سوئاللارنىڭ ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن زادىلا ئەجەبلەنمەيتتى. سوئال سوراش ئۇنىڭغا قانداق كۆڭۈللۈك بولسا، جاۋابىنى ئاڭلاشمۇ شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. مەيلى قانداقلا جاۋاب ئالسۇن ھەممىسىگىلا رازى بولاتتى. ھەتتا ئاپىسى بەرگەن جاۋابنى چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، خۇش بولۇۋېرەتتى. چۈنكى مۇنداق قىلغاندا، خالىسا يەنە سورىيالايتتى. بەزىدە سوراشتىن توختاپمۇ قالاتتى. بۇمۇ ئوخشاشلا قىزىق تۇيۇلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ كاللىسىنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى. بەزىدە ئۇ، ئاپىسىنىڭ قەستەن تولۇق جاۋابنى دەپ بەرمەستىن، ئۆزى بىلدىغاندىن ئاز بىر قىسمىنىلا ئېيتقانلىقىنى بىلسىمۇ، تېخىمۇ قىزىقارلىق ھېس قىلىپ، گويادەك قەلبىدە ئۇ نەرسىگە تېخىمۇ كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولاتتى ھەم ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارغا چۆككىنىچە لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپ كېتەتتى.

مانا ئۇ يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ئاپا، بۇ يول كىمنىڭ؟

— بىزنىڭ، — دېدى ئاپىسى.

— مېنىڭ بىلەن سىزنىڭما؟ — داۋاملاشتۇرۇپ سورىدى بەمبى.

— ھەئە.

— بىز ئىككىمىزنىڭما؟

— شۇنداق.

— ئىككىمىزنىڭلىما؟

— ياق، — دېدى ئاپىسى، — بىز بۇغىلارنىڭ...
— بۇغا؟ ئۇ نېمۇ؟ — بەمبى شۇنداق دېگىنىچە كۈلۈپ كەتتى.
ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ ئاپىسىمۇ كۈلدى:
— سەن بۇغا، مەنمۇ بۇغا، بىز بۇغا دەپ ئاتىلىمىز. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟
— چۈشەندىم، چۈشەندىم، — دېدى بەمبى كۈلگىنىچە تاقلاپ، — مەن كىچىك بۇغا، سەن چوڭ بۇغا، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، ئەمدى چۈشىنىپسەن، — دېدى ئاپىسى بېشىنى لىڭشىتىپ.
بەمبى ئەستايىدىللىشىپ سورىدى:
— مەن ۋە سېنىڭدىن باشقا بۇغىمۇ بارمۇ؟
— بولمامدىكى، — دېدى ئاپىسى، — بەك كۆپ.
— ئۇلار قەيەردە؟ — يۇقىرى ئاۋازدا سورىدى بەمبى.
— مۇشۇ يەردە، ھەممىلا يەردە بار.
— بىراق، ئۇلارنى كۆرەلمىدىمغۇ.
— ئالدىرىمىساڭ كۆرىسەن.
— قاچانلىققا؟ — بەمبى مېڭىشتىن توختاپ تەقەززالىق بىلەن سورىدى.
— ئۇزاققا قالماي، — دېدى ئاپىسى خاتىرجەم ئاياغ باسقاچ.
بەمبى «ئۇزاققا قالماي» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاچقا، ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئۇنى چىقارماي ماڭدى. سەلدىن كېيىن ئۇ ئاخىر «ئۇزاققا بارماي» دېگەن «دەرھال» دېگەنگە ئوخشامايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما «ئۇزاققا بارماي» دېگەننىڭ زادى قاچاننى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، قاچاندىن باشلاپ ئۇنىڭ «ناھايىتى ئۇزاق» دېگەن سۆزگە ئالمىشىدىغانلىقىنى ئايرىيالمىدى.



— بۇ يولنى كىم ياسىغان؟ — تۈيۈقسىز سوراپ قالدى ئۇ.

— بىز، — دېدى ئاپىسى.

— بىز؟ — ھەيران قالدى بەمبى، — مېنىڭ بىلەن سەنمۇ؟

— ياق، بىز دېگىنىم بىز بۇغىلارنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى ئاپىسى.

— زادى كىم - كىملەر؟ — سورىدى بەمبى.

— ھەممىمىز، — ئاپىسى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بەردى.

ئۇلار داۋاملىق مېڭىۋەردى. بەمبى شوخلۇق قىلىپ ئۇياق - بۇياققا تاقلىسىمۇ، يەنىلا ئاپىسىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەيتتى. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن چىرت - چىرت قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، نېمىدۇر بىر نەرسە ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ھە دەپ قاچقىلى تۇردى. ئارقىدىنلا ئۇ ئاجىز، بىچارىلەرچە چىرقىراپ كەتتى - دە، بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئەمما ئوت - چۆپلەر تېخىچىلا تەۋرەنمەكتە ئىدى. بىر ئاق باش ئاغمىخان بىر چاشقاننى بوغۇۋالغانىدى. ئاق باش ئاغمىخان ئۇلارنىڭ قېشىدىن شارتتىدە ئۆتۈپ، ئولجىسىنى مەززە قىلىپ يېگىلى يول ياقىسىدىكى نەگىدۇر كىرىپ كەتتى.



— ئۇ نېمۇ؟ — سورىدى بەمبى چۆچۈگىنىچە.

— ھېچنېمە، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ.

— بىراق... — بەمبى تىترەۋاتاتتى، — بىراق... ئۇنى كۆرگەن تۇرسام.



— شۇنداق، — دېدى ئاپىسى، — قورقمىغىن، ئاغمىخان چاشقان تۇتۇۋالدى.

بەمبى قورقۇپ كەتكەچكە، يۈرىكىنى ئاجايىپ بىر ۋەھىمە چىرمىۋالغانىدى. شۇڭلاشقا خېلىدىن كېيىن ئاندىن تىلى گەپكە كەلدى.

— ئۇ نېمىشقا چاشقاننى ئۆلتۈرىدۇ؟ — سورىدى ئۇ يەنە.
— چۈنكى... — ئاپىسى بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — ... تېزرەك ماڭايلى.
ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ خىيالىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي، بەمبىنىڭ سوئالىنى ئۇنتۇپ قالدى.
ئۇ يورغىلاشقا باشلىدى. بەمبىمۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈردى.
ئۇلار ئەنە شۇنداق بىرپەس جىممىدە يول مېڭىشقاندىن كېيىن بەمبى خاتىرجەم بولالماي يەنە سورىغىلى تۇردى:
— كېيىنچە بىزمۇ چاشقان ئۆلتۈرىمىزمۇ؟
— ياق، — دېدى ئاپىسى.
— مەڭگۈ ئۆلتۈرمەيمىزمۇ؟
— مەڭگۈ ئۆلتۈرمەيمىز.
— نېمىشقا؟ — بەمبىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندى.
— بىز ھېچقانداق نەرسىنى ئۆلتۈرمەيمىز! — ئاپىسىنىڭ جاۋابى ناھايىتى كەسكىن چىقتى.
شۇنىڭ بىلەن بەمبىنىڭ كۆڭلى يەنە خۇشلۇققا تولدى.
ئۇلارغا يېقىنلا يول بويىدىكى ئاق رەڭلىك موم دەرىخىدىن تۇيۇقسىزلا يېقىمسىز غەلىتە ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاپىسى كارى بولماي ماڭىۋەردى، لېكىن بەمبى قىزىقىسىنىپ مېڭىشتىن توختىدى. دەرەخ شېخىدا ئىككى ئالا قاغا ئۇۋۋا تالىشىپ سوقۇشۇۋاتاتتى.
— قېنى، يامان بولساڭ كەلمەمسەن، ھۇ ھۇرۇن لەقۋا! — دېدى بىر ئالا قاغا ۋارقىراپ.
— ھوي كالۋا، نېمەڭگە مۇنچە ئەزۋەيلەيسەن، — دېدى يەنە بىرى، — سېنىڭدىن قورقۇپ قالامتىم.
— ئۆزۈڭنىڭ ئۇۋىسىغا بارمامسەن، ھۇ ئوغرى. ھېلى بىكار مېڭەڭنى چوقۇۋېتىمەن، — دېدى باشتىكى ئالا قاغا غەزىپىنى بېسىپ بولالماي ئاغزىنى بۇزۇپ، — ھۇ پېسەندى! پېسەندى!



يەنە بىرى بەمبىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، شاخلار ئارىسىدىن ئۇنىڭغا ھومىيىپ تۇرۇپ:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، ماڭ، يوقال! — دەپ قىرقىراپ كەتتى.

بەمبى قورققىنىدىن پەرتىلا قاچتى ـ دە، ئاپىسىنى قوغلاپ يېتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭدى. چۈنكى بايا ئۆزىنىڭ مېڭىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى ئۇ تۇيمىغانىدى.

سەلدىن كېيىن ئۇ ئاپىسىدىن:

— ئاپا، پېسەندى دېگەن قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيدىكەنمەن.

بەمبى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— ئاپا، ئۇ ئىككىسى نېمىشقا بىر ـ بىرىگە شۇنچە ئۆچ؟

— ئۇلار يەم تالىشىۋاتقان گەپ.

— كېيىنچە بىزمۇ يەم تالىشىپ سوقۇشامدۇق؟

— ئۇنداق بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئاپا... — بەمبىنىڭ يەنە نېمىنىدۇر بىلىۋالغۇسى بار ئىدى.

— ھە، نېمە بولدى؟

— كېيىنچە بىزمۇ بىر ـ بىرىمىزگە ئۆچ بولۇپ كېتىمىزمۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ بالام، — دېدى ئاپىسى، — بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ.

ئۇلار ماڭىۋەرگەنىدى، ئالدى تەرەپ بىردىنلا يورۇپ نۇرلانغىلى تۇردى. ئىرماش ـ چىرماش گىرەلىشىپ كەتكەن چاتقال ـ تىكەنلەر تۈگىگەن، يولمۇ ھەم تۈگىگەنىدى. يەنە نەچچە قەدەم ماڭسىلا ئۇلار ئورماندىن چىقىپ، ئازادە، يورۇق تۈزگە ئاياغ باساتتى. بەمبى دېك ـ دېك سەكرەپ ماڭدى، ئەمما ئاپىسى قەدىمىنى توختاتتى.

— ئۇ نېمە؟ — سورىدى بەمبى مەپتۇن بولغىنىدىن بىلىشكە ئالدىراپ.

— ئوتلاق، — دېدى ئاپىسى.

— ئوتلاق دېگەن نېمە؟ — سورىدى بەمبى تەقەززا بولۇپ.

— كېيىنچە ئۆزۈڭ بىلىۋالىسەن، — ئاپىسى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بې-لىگە تەپتى. ئاندىن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېشىنى ئېگىز كۆ-تۈرگىنىچە جىممىدە تۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقىنىچە زەن قويۇپ ئاڭلىغاچ ھاۋادا قانداق پۇراقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى ئەستاي-دىللىق چىقىپ تۇراتتى.

— چاتاق يوقكەن، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ماڭساق بولى-دىكەن، — بەمبى ئورمانىدىن چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىشىغا ئاپىسى يەنە ئۇنى توسۇۋالدى، — سەن مەشەدە تۇرۇپ تۇر، مەن چاقىر-غاندا ئاندىن چىققىن، — بەمبى گەپ ئاڭلاپ جىممىدە تۇردى، — ھە مۇشۇنداق، — ئاپىسى ئۇنى ماختاپ قويدى، — گېپىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت جۇمۇ، — بەمبى ئاپىسىنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئەنسىرى-شىگە قاراپ جىددىيلىشىشكە باشلىدى، — ئوتلاقتا چىقىش مۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس، — ئاپىسى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەك مۇ-شەققەتلىك ھەم خەتەرلىك. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى-نى سوراپ يۈرمىسەڭمۇ كېيىنچە ئۆزۈڭ بىلىپ قا-لىسەن. ھازىرچە مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلغىن، ماقۇلمۇ؟



— ماقۇل! — دېدى بەمبى.

— ھە ياخشى، ئاۋال مەن چىقاي، سەن مەشەدە مەندىن كۆزۈڭنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغىن. ناۋادا ئارقىمغا قايرىلىپ يۈگۈرسەم سەنمۇ دەرھال ئارقىڭغا قايرىلىپ بار كۈچۈڭ بىلەن يۈگۈر، قانچە تېز يۈگۈرسەڭ شۇنچە ياخشى، مەن ساڭا يېتىشىۋالالايمەن، — ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېمىندۇر ئويلىدى بولغاي يەنە نەسىھەت قىلغىلى تۇردى، — ئىشقىلىپ تېز قاچساڭلا بولدى، قانچە تېز يۈگۈرسەڭ شۇنچە ياخشى... نېمە بولۇشۇم بىلەن... يىقىلىشىم بىلەنمۇ كارىڭ بولماي... يۈگرەۋەرگىن... مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟... مەيلى نېمىنى كۆرگىن ياكى ئاڭلىغىن... كارىڭ بولماي ئۇدۇل قاچۋەر. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى... ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — دېدى بەمبى بوش ئاۋازدا.

— ئەگەر چىققىن دېسەم، — دېدى ئاپىسى يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دەرھال چىقىپ، سىرتتىكى ئاشۇ ئوتلاقتا ئوينىساڭ بولىدۇ. سىرت بەك چىرايلىق، چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسەن. لېكىنزە... ئېسىڭدە بولسۇنكى... سېنى چاقىرغان ھامان يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بولمىساڭ بولمايدۇ. ئېسىڭدە تۇتۇۋالدىڭمۇ؟

— ھەئە، — ئاپىسىنىڭ گېپىنىڭ قاتتىقلىقىغا بېقىپ بەمبىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ بوشاپ كەتتى.

— سىرتقا چىققاندىن كېيىن... — دېدى ئاپىسى ئالدىغا ماڭغاچ، — سېنى چاقىرسام، ئۇياق - بۇياققا ھاڭۋېقىپ ياكى ئۇنى - بۇنى سوراپ تۇرما... قېشىمغا ئۇچقاندەك تېز كېلىپ بولغىن! چوقۇم ئېسىڭدە تۇت، ئىككىلىنىپ، ئەزمىلىك قىلساڭ قەتئىي بولمايدۇ... ناۋادا مەن قاچسام دەرھال ماڭا يېتىشىپ يۈگۈر، ھەرگىز توختىۋالما. تاكى مۇشۇ ئورمانغا قېچىپ كىرىپ كەتكۈچە قاچىۋەرگىن. بۇ دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانسەن - ھە؟



— ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى بەمبى ئەنسىزچىلىككە چۆمۈپ.

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى، — ئەمدىلىكتە ئاپىسىنىڭ كۆڭلى خې-

لى ئورنىغا چۈشكەنىدى.

ئۇ ئورماندىن چىقتى. بەمبى ئاپىسىنىڭ ئاستا قەدەم ئېلىپ مې- ڭىشلىرىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇۋېتىپ، قەلبى تەقەززالىق، قور- قۇنچ ۋە قىزىقىشلار بىلەن تولدى. ئاپىسى ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بى- لەن تىڭشاپ تۇيۇقسىزلا ئۈركۈگەنىدى، ئۇمۇ تەڭ ئۈركۈپ ئارقى- سىغا قايرىلىپ قاچقىلى قىل قالدى. بۇ چاغدا ئاپىسى تىنچلىنىپ قالغا- نىدى. بىرەر مىنۇتتىن كېيىن خۇش بولغىنىدىن بوينىنى ئېگىپ بەمبى- گە سوزغىنىچە خۇشال هالدا:

— كەل! — دەپ توۋلىدى.

بەمبى بىرلا تاقلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى - دە، بايىقى قورقۇشلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئورمان ئىچىدە ئۇ بېشى ئۈستى- دىكى ياپيېشىل دەرەخ شاخلىرىنى ۋە شاخلار ئارىسىدىكى چېكىم - چېكىم كۆكنى غىل پاللا كۆرۈپ قالاتتى. مانا ئەمدى ئاسماننىڭ شۇ قە- دەر كۆك هەم ئېگىزلىكىنى كۆرۈپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ ئورماندا قۇياشنى تال - تال نۇر ياكى شاخ - يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا سېرىق چېكىملەر دەپ ئويلىغان بولسا، ئەمدى- لىكتە بۈيۈك، قۇدرەتلىك هەقىقي قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىدا كۆزلىرى قامىشىپ يۇمۇلغىنى بىلەن، قەلبى چەكسىز ئىللىقلىقتا چۆممەكتە ئىدى.



بەمبى مەپتۇن بولغىنىدىن ئۆزى- نى ئۇنتۇپلا قالغانىدى. ئۇ ئەس - هوشنى يوقاتقاندەك كۆككە قاراپ هە دەپ تاقلايتتى، ئۈچ قېتىم، تۆت قېتىم، بەش قېتىم... بىر جايدا جىم تۇرالماي ئەنە شۇنداق تاقلاۋەر- دى. خۇددى قانداقتۇر بىر سېهرىي كۈچ ئۇنى تارتىپ كۆككە ئاچىقىپ كېتىدىغاندەك باشقا ئىش قىلماي



تاقلاش بىلەنلا بولۇپ كەتتى. يۇمران پۇتلىرىنى ئەركىن تۇتۇپ،
كۆكسىنى تولدۇرۇپ خالىغانچە نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ توختىماي تاقلـ-
شى دەل ئوتلاقتىكى خۇش پۇراقلار ئاتا قىلغان چەكسىز خۇشاللىق ۋە
جۇشقۇنلۇقتىن كېلىۋاتاتتى. بەمبى دېگەن تېخى بوۋاق، ناۋادا ئۇ ئا-
دەم بالىسى بولغان بولسا خۇشاللىقتىن ۋىلىق - ۋىلىق كۈلگەن بولات-
تى. لېكىن ئۇ دېگەن بۇغىچاق، بۇغىچاقلار ۋىلىقلاپ كۈلەلمەيدۇ،
ھېچبولمىغاندا ئادەم بالىسىدەك ئۇنداق كۈلەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ،
پۇتلىرىغا تايىنىپ قاڭقىش ئارقىلىق خۇشاللىقىنى ئىپادىلىمەكتە. ئاپىسى
بىر چەتتە ئۇنىڭ قىن - قىنىغا پاتماي قاڭقىش، كاللانېپىلارچە قايتىپ
چۇشۇشلىرىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بەمبى ھەيرانلىق، چۈ-
شەنمەسلىك ئارىلىشىپ كەتكەن نەزەردە بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ
كەتكەندىن كېيىن يەنە مەستانىلەرچە قاڭقىيتتى، ھېچ ھاردىم دېمەيت-
تى. ئاپىسىغا ئايان، بەمبى ئورماندىكى تار يوللارنىلا بىلىدۇ. دۇنيا-
غا كۆز ئاچقان قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈندە ئورماندىكى قىستاڭچىلىققا
كۆندى، شۇڭلاشقا كەڭرى دالادا ئەركىن تاقلاپ قېيغىتىشنى تېخى
بىلگۈدەك بولمىدى. ئاپىسى بېشىنى تۆۋەن قىلىپ بەمبىگە كۈلۈمسى-
رىگىنىچە بىرنەچچە سېكۇنت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىرلا سەكرەپ
ئوتلاقنى بويلاپ يۈگۈرگىلى تۇردى. تېز يۈگۈرگىنىدىن تۇياغ ئاس-
تىدىكى چۆپلەر شالدىرلاپ كەتكەنىدى، بەمبى قورقۇپ كەتكىنىدىن
تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئورمانغا قېچىشنىڭ سىگنالىمىدۇ؟ شۇ ئان بايا ئا-
پىسىنىڭ، مەيلى نېمىنىلا كۆر ياكى ئاڭلا، ئۇنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن
ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي دەرھال قاچ، قانچە تېز قاچالىساڭ شۇنچە
ياخشى، دېگىنى ئېسىدىن كېچىپ، دەرھال بۇرىلىپ قاچاي دەپ تۇ-
رۇشىغا ئاپىسى مۆرىگىنىچە ئوقتەك يېتىپ كېلىپ، ئىككى قەدەمچە
قالغاندا توختاپ، بايىقىدەك بېشىنى شارتتىدە ئەگدى - دە، كۈلۈپ
تۇرۇپ:

— ماڭا قوغلاپ يېتەلەمسەن؟ — دېدى. ئاندىن يەنە يۈگۈرگىلى
تۇردى. بەمبى ئاپامغا زادى نېمە بولغاندۇ دەپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا

قالدى. بۇ چاغدا ئاپىسى يەنە چاقماق تېزلىكىدە قايتىپ كەلدى-دە، تۇمشۇقى بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى تۇرتۇپ:

— مېنى قوغلىمامسەن! — دېدى. شۇنداق دەپلا يەنە يۈگۈرگىلى تۇردى. بەمبى ئاپىسىغا قاراپ ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ئالدىغا بىمالال تاقلاپ ماڭالايدىغان بولدى. نېمدۇر ئىتتىرىۋاتقاندەك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئۇچۇۋاتقاندەك سەزدى. ئەسلىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىتتىرىۋاتقانىكەن. ئەتراپ ئۇنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا، ئەتراپ ئۇنىڭ سەكرەشلىرى ئاستىدا، ئەتراپ، ئەتراپ. بەمبى خۇش بولغىنىدىن ئۆزىنى باسالمايلا قالغانىدى. تۇياقلىرى ئاستىدا شىلدىرلاۋاتقان، بەدىنىنى سىلاپ ئۆتۈۋاتقان ئوت-چۆپلەر نېمىدېگەن يۇمشاق، بەئەينى يىپەكنىڭ ئۆزىلا. ئۇ تۇياقلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ بىر ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يەنە بىر تەرەپنىمۇ بىر ئايلىنىپ يۈگۈردى ھەم ئەنە شۇنداق توختىماي يۈگرەۋەردى. ئاپىسى بىر تەرەپتە پۇشۇلدىغىنىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي جىممىدە قاراپ



تۇراتتى. بەمبى ھەقىقەتەن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى.
بەمبى تۇيۇقسىز يۇگۈرەشتىن توختاپ، يېنىك قەدەملەر بىلەن
ئاپىسىنىڭ قېشىغا يۇگۈرۈپ كەلدى ـ دە، زوق ـ شوقى بىلەن ئۇ-
نىڭغا قارىدى. ئاندىن ئانا ـ بالا ئىككىسى ياندىشىپ ئاستا مېڭىش-
تى. بەمبى ئورماندىن بۇ دالاغا چىققاندىن كېيىن كۆك ئاسمان، قۇ-
ياش، يېشىل ئوت ـ چۆپ دېگەنلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ،
ئۇلارغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئوتلاقنىڭ گۈزەللىكى-
نى ھەقىقىي ھېس قىلىشقا، ھەربىر قەدىمىدە بىر ھەيرانۇھەس بولۇش-
قا باشلىدى. بۇ يەردە ئورمانلىقتىكى ئۇچرىغان پاتقاقلىق
يوق، ھەممىلا يەر گىرە ـ گىرە، ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن
پۈركەنگەن. ئۇلارنى دەسسىگىنىدە مۇلايىملىق بىلەن ئېگىلىپ ئاندىن
يەنە قەددىنى رۇسلىشىپ تۇراتتى. يېشىللىققا پۈركەنگەن پايانسىز
دالادا ئاق رەڭلىك دەستار گۈللەر يۇلتۇزدەك ئۇچرىشىپ كەتكەن، بې-
دىنىڭ سۆسۈن ۋە قىزىل دۇگىلەك چېچەكلىرى ئۇياتچان قىزلارنىڭ
مەڭزىنى ئەسلىتىپ تۇرغان، ماماكاپلار بولسا ئالتۇن رەڭ گۈللىرىنى
ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مەغرۇر تۇرۇشاتتى.
— ئاپا، قارىغىنا، — دېدى بەمبى، — ئاۋۇ يەردە بىر گۈل
ئۇچۇۋاتىدۇ.
— ئۇ گۈل ئەمەس، كېپىنەك، — دېدى ئاپىسى.
بەمبى ھاياجان ئىچىدە كېپىنەكنىڭ گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ
ئۇچۇشلىرىغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ، ئوتلاقتا بۇنداق
كېپىنەكلەرنىڭ ناھايىتى توللىقىنى، ناھايىتى ئالدىراشتەك قىلغىنى بى-
لەن ئەمەلىيەتتە بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ، ئاستا ئۇچۇپ يۈرۈشكىنى-
نى بىلدى. بەمبى ئۇلارغا بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۇ-
چۇپ يۈرگەن گۈللەرگە ئوخشايتتى، بەئەينى شاختا تۇرۇشنى خالىماي
ئۇسسۇل ئوينىغىلى چىققۋالغان بەڭباش گۈللەردەك ياكى بولمىسا كۈن
نۇرلىرى بىللە ئاسماندىن چۈشكەن گۈل ـ چېچەكلەردەك.
ئۇلار ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا بىردەم ئۇ يەر، بىردەم بۇ يەردىن ئۇ-

رۇن ئىزدەپ، خۇددى جايلاشقلى تۇزۇك ئورۇن قالمغانـدەك ھېلـى
قونۇپ، ھېلى ئۇچۇشماقتا ئىدى.
بەمبىنىڭ كۆزلىرى كېپىنەكلەرگە ئەگىشىپ گاھ يېقىنغا تىـكىلسـە،
گاھ يىراققا يۇگۇرەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېقىن بىرىپ ئۇلارنىڭ تۇر-
قىنى سىنچىلاپ راسا كۆرگۇسى بار ئىدى. لېكىن كېپىنەكلەر بىر يـەر-
دە جىم تۇرۇشماي، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى.



ئۇ بېشىنى ئېگىپ يەرگە قارىدى ـ دە، خۇشاللىقتىن گۇلقەقەلىرى
ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايىغى تۇۋىدە سانسىـزلىغان ئـۇششاق جانـ-
ۋارلار يەردىن مىغىلداپ چىقىشماقتا ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا بىر توپ
بولۇشتى ـ دە، ياپيېشىل چۆپلۇكلەر ئارىسىغا تارىلىپ كېتىشتى.
ـــ ئاپا، بۇ نېمىلەر؟ ـــ سورىدى ئۇ.

— ئۇششاق جانىۋارلار، — دېدى ئاپىسى.

— قارىغىنا، — بەمبى توۋلاپ كەتتى، — كىچىك بىر يوپۇرماق سەكرەۋاتىدۇ، ئوھۇي... ئۇ بەك ئېگىز سەكرەيدىكەن!

— ئۇ يوپۇرماق ئەمەس، — دېدى ئاپىسى چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ دېگەن ئوماق چېكەتكە.

— ئۇ نېمىشقا مۇنداق سەكرەيدۇ؟ — سورىدى بەمبى.

— بىز ئۇنى قورقۇتۇۋەتتۇق... — دېدى ئاپىسى.

— ھە، — بەمبى ئاق جۇخارگۈلدە ئولتۇرغان چېكەتكىگە بۇ-رالدى، — ھوي، بىزدىن قورقمىغىن، ساڭا تەگمەيمىز، — دېدى ئۇ تۈزۈت بىلەن.

— قورقمىدىم، — دېدى چېكەتكە چىرىلداپ تۇرۇپ، — خانىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان، شۇڭا چۆچۈپ كېتىپتىمەن.

— كەچۈرگىن، — دېدى بەمبى ئۇڭايسىزلىنىپ، — گېپىڭلارنى بۆلۈپ ساپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى چېكەتكە چىرىلداپ، — ئەسلىدە سىلەر كەپتىكەنسىلەر - دە. لېكىن سىلەر ئىكەنلىكىڭلارنى نەدىن بى-لەي، ھوشيار تۇرمىساق بولمايدۇ - دە.

— تۇغۇلۇپ تۇنجى قېتىم بۇ ئوتلاققا كېلىشىم، — دېدى بەم-بى، — مېنى ئاپام ئېپكەلدى...

چېكەتكە بۇ سۆزگە ئېرەنشىمىگەندەك تۇراتتى.

— بۇنداق گەپلەرگە قىزىقمايمەن ھەم سېنىڭ بى-لەن پاراڭلاشقۇدەك ۋاقتىممۇ يوق، — دېدى شۇڭلاشقا ئۇ كۆڭلىدىكىنىلا دەپ، — ھازىر خانىمنى ئىزدەپ تاپمىسام بولمايدۇ! مانا كەتتىم! — ئۇ بىرلا سەكرەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئوھۇي... ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم! — دېدى بەمبى ئاپىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— كىم بىلەن؟ — سورىدى ئاپىسى.





— چېكەتكە بىلەن بولمامدۇ، — دېدى بەمبى، — ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندىم شۇنداق خۇش بولدى، ئۇ بەك ئوبدانكەن. بەدىنى ياپيېشىل، كەينى تەرىپى سۈزۈك ھەم پارقىراق. ئەڭ چىرايلىق يوپۇرماقنىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئۇ دېگەن قانىتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى بەمبى، — ئۇ بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك بەك جىددىي كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇ مېنى يېقىن كۆردى. ئۇ سەكرىيەلەيدىكەن تېخى! ئۇنداق سەكرىمەك بەك، بەك تەسقۇ دەيمەن. ئۇ «مانا كەتتىم» دەپ بىرلا سەكرەپ يوقاپ كەتتى.

ئۇلار ئالدىغا ماڭغۇەردى. بايا چېكەتكە بىلەن بولغان پاراڭ بەمبىنى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى. يەنە ئازراق چارچاشمۇ بار. ئىشقىلىپ بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ناتونۇش خەق بىلەن پاراڭلىشىشى. ئۇ قورسىقى ئاچقاندەك بولۇپ، ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېمىشكە باشلىدى.

ئېمىپ تويغاندىن كېيىن ئاپىسىنىڭ قوينىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، بەخت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. ئويغىنىشى بىلەن چىرايلىق بىر تال پورەكنىڭ مىدىرلاپ تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. سىنچىلاپ قارىغاندى، ئۇ پورەك ئەمەس، بەلكى كېپىنەك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

كېپىنەك بىر تال چۆپنىڭ ئۇچىدا يېنىك قانات قېقىپ تۇراتتى.

— شۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، قاچما! — دېدى بەمبى ئۇنىڭغا.

— نېمىشقا تۇرۇپ تۇرغۇدەكمەن؟ مەن دېگەن كېپىنەك تۇرسام، — دېدى كېپىنەك ھەيران بولۇپ.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرغىنچۇ، — دېدى بەمبى يالۋۇرۇپ، — سېنى يېقىندىن بىر كۆرۈۋالاي، ئۆتۈنۈپ قالاي.



— بوپتۇ، — دېدى كېپىنەك ماقۇل بولۇپ، — لېكىن بىردەملا ـ ھە.

بەمبى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇردى.

— بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، — دېدى بەمبى



ماختاپ، — ھەقىقەتەن چىرايلىق، پورەكلىنىڭ ئۆزىلا!

— نېمە دېدىڭ؟ — كېپىنەك قانىتىنى قاققىلى تۇردى، — پورەككە ئوخشاش دېدىڭما؟ ھوي، شۇنى بىلىپ قال جۇمۇ، بىزنىڭ جەمەتىمىزدىچۇ، ھەممىمىز ئۆزىمىزنى پورەكتىن چىرايلىق دەپ قارايمىز.

بەمبى سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەنسەن... كەچۈرگىن... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— نېمە دېيىشىڭ بىلەن كارىم يوق، — دېدى كېپىنەك. ئاندىن ئۇزۇن، ئىنچىكە بەدىنىنى تولغاپ، يۇمشاق بۇرۇتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ ئويناتقىلى تۇردى.

بەمبى ئۇنىڭغا قارىغانچە مەپتۇن بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

— سەن نېمىدېگەن ئېسىل، — دېدى ئۇ شۇڭلاشقا، — بەك گۈزەل، بەك ئوماق. يەنە بۇ قاناتلىرىڭ نېمىدېگەن ئاپپاق ھەم چىرايلىق!

كېپىنەك دەرھال قاناتلىرىنى كەردى - دە، خۇددى تىكلەنگەن يەلكەنلەردەك چىڭ جۈپلىدى.

— ھە، — دېدى بەمبى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئەمدى بىلدىم، سەن پورەكتىنمۇ چىرايلىق ئىكەنسەن. يەنە كېلىپ ئۇچالايدىكەنسەن. ئەمما پورەك دېگەن ئۇچالمايدۇ، بىر يەردە جىملا تۇرىدۇ.

— بولدى، — دېدى كېپىنەك بەدىنىنى رۇسلاپ، — مېنى ئۇچالمايدىكەن دېگەنمىتىڭ! — ئۇ شۇنداق دەپلا لىككىدە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۇچۇۋاتقاندا زادى قانداق ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ بەمبىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. كېپىنەك ئاق قاناتلىرىنى لەرزان قېقىپ، كۈن نۇرىغا چۆمۈلگىنىچە شوخ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى، — سېنى خۇش بولسۇن دەپ شۇنچىلىك ئۇزاق تۇرۇپ بەردىم، — ھاۋادىن ئۇنىڭ شۇنداق دېگىنى ئاڭلاندى، — ئەمدى كەتمىسەم بولمايدۇ.

ئۇتلاق دېگەن مانا مۇشۇنداق.

# 3 - باب

قويۇق ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە بەمبىنىڭ ئاپىسىغا تەۋە كىچىككىنە بىر جاي بار. ئۇ پۈتكۈل ئورماننى كېسىپ ئۆتىدىغان تار بۇغا يولىغا بىرنەچچە قەدەم كەلسىمۇ، لېكىن چاتقاللىق ئارىسىدىكى كىرىش ئېغىزىنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن ئۇ جاينى تېپىش بەك تەس.

تار ھەم كىچىك بۇ ئۇۋىغا بەمبى بىلەن ئاپىسى ئىككىسى ئارانىلا سىغاتتى. ئۇۋا بەك پاكار بولغانلىقتىن، ئاپىسى ئۆرە تۇرسا بېشى شاخ - شۇمبىلارغا تاقىشىپ قالاتتى. ئورمان ياڭىقى، ئۈلكىس ۋە كورنۇسلارنىڭ يىلتىزلىرى ئىرماش - چىرماش، شاخلىرى قات - قات بولۇپ كەتكەن، ئۈستىدىكى چېكىم - چېكىم كۈن نۇرلىرىنىمۇ توسۇۋالغانلىقتىن، بۇ يەرگە ئەسلا كۈن چۈشمەيتتى. بەمبى مانا مۇشۇ يەردە تۇغۇلدى، بۇ جاي ئاپىسى ئىككىسىنىڭ ئۆيى.

ئاپىسىنىڭ يېتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەمبىنىمۇ ئۇگدەك



باسقىلى تۇردى. ئەمما بىردەم ئۇخلاپلا ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى.

دەرەخ سايىسىدا ئاسمان غۇۋا، تۇتۇق كۆرۈندى. ئارىلاپ چۇمچۇقلارنىڭ ۋىچىلداشلىرى، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ قىقىلاپ كۈلۈشلىرى ۋە قاغىنىڭ بىرەر ـ ئىككىنى قاقىلداپ قويۇشلىرى ئاڭلىنىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپتا ئورماننىڭ شالدىرلىشىدىن بۆلەك ئاۋاز يوق. ئەتراپتىكى نەرسىلەر سۈكۈتكە پاتقان، پەقەت ھاۋالا چىڭقىچۈش ئىسسىقىدا ھۆپۈلدەپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە زەن قويۇپ تىڭشىغاندا غىچ ـ غىچ ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇۋا نەم ھەم دىمىق، دەمنى سىقاتتى.

— ئۇخلاۋاتامسەن؟ — سورىدى بەمبى ئاپىسىغا بېشىنى ئېگىپ قاراپ.

ئاپىسى ئويغاق تۇراتتى. ئۇ، بەمبى تۇرۇشى بىلەنلا ئويغىنىپ بولغانىدى.

— ئەمدى نېمىش قىلىمىز؟ — سورىدى بەمبى.

— ھېچنېمە، — دېدى ئاپىسى، — مۇشۇ يەردە تۇرىمىز. تېز يېتىپ ئۇخلا.

لېكىن بەمبىنىڭ ئۇخلىغۇسى يوق ئىدى.

— يۈرە، — دېدى ئۇ ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ، — ئوتلاققا چىقايلى.

— ئوتلاققا چىقىمىز دەمسەن؟ ھازىر... ئوتلاققا چىقساق... — ئاپىسىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەنسىز سۆزلىشى بەمبىنى قورقۇتۇۋەتتى.

— ھازىر چىقساق بولمامدۇ؟ — تارتىنىپقىنا سورىدى ئۇ.

— بولمايدۇ، — دېدى ئاپىسى كەسكىنلىك بىلەن، — بولمايدۇ دېدىممۇ بولمايدۇ، ھازىر ھەرگىز ۋاقتى ئەمەس.

— نېمىشقا؟ — بەمبى ئاپىسىنىڭ بىرەر ئەنسىزچىلىكنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تېخىمۇ قورققىلى تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا قىزىققاقلىقى يېڭىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولدى، — ھا-



زىر چىقساق نېمشقا بولمايدىكەن؟

— سەل چوڭ بولساڭ ھەممىنى بىلىسەن... — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— ھازىرلا دەپ بەرسەڭ بولىدىغۇ، — دېدى بەمبى ئاپىسىنى قىستاپ.

— كېيىن، — دېدى ئاپىسى، — ھازىر سەن تېخى كىچىك، — ئۇ ئاۋازىنى مۇلايىملاشتۇردى، — كىچىك باللارغا بۇنداق ئىشلارنى دېگىلى بولمايدۇ، — بۇ چاغدا ئانىنىڭ چېھرى تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە جىددىي تۈس ئالدى، — ھازىر... ئوتلاققا چىقىشنى... ئويلاپمۇ باققىنىم يوق. كۆپكۈندۈزدە...

— لېكىن، — بەمبى ئۇنىمىدى، — ئالدىنقى قېتىم ئوتلاققا چىققاندىمۇ يوپيورۇق كۈندۈزتىغۇ.





— هازىر دېگەن ئوخشمايدۇ، — دېدى ئاپسى چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ چاغ ئەتىگەن ئىدى.

— پەقەت ئەتىگەندىلا ئۇ يەرگە چىقالايمىزمۇ؟ — سورىدى بەمبى قىزىقىسىنىپ.

— پەقەت ئەتىگەن ياكى گۇگۇم چۈشكەن چاغدىلا... بىر بولسا كېچىدە... — دېدى ئاپسى چۈشەندۈرۈپ.

— كۈندۈزى زادىلا چىققىلى بولمامدۇ؟

— بولىدۇ، — ئاپسى بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى، — بەزىدە... ئارىمىزدىكى بەزىلەر كۈندۈزىمۇ چىقىدۇ، لېكىن بۇ ئالاھىدە ئەھۋال... ھازىرچە ساڭا بۇنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمەن... سەن تېخى كىچىك... ئارىمىزدىكى بەزى بۇغىلار چىققىنى بىلەنمۇ... بەك خەتەرلىك...

— نېمىشقا بەك خەتەرلىك؟ — جىددىيلىشىپ سورىدى بەمبى.

ئاپسى داۋاملىق سۆزلەۋېرىشنى خالىمىغاچ:

— خەتەرلىك دېدىمۇ خەتەرلىك... گەپ ئاڭلىغىن ئاپپاق بالام، بۇ ئىشلارنى ھازىرچە چۈشىنىپ بولالمايسەن...

بەمبى ھەممىنىلا چۈشىنەلەيمەن دەپ ئويلايتتى - يۇ، لېكىن ئاپسىنىڭ ھەققىي ئىشنى زادى نېمىشقا دەپ بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەزۋەيلىمىدى.

— بىز چوقۇم مۇشۇنداق ياشىمىساق بولمايدۇ، — دېدى ئاپىسى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز بۇغىلار كۈندۈزنى ياخشى كۆرسەكمۇ... بولۇپمۇ كۆدەك چاغلىرىمىزدا كۈندۈزگە بەك ئامراق بولساقمۇ... چوقۇم مۇشۇنداق ياشىمىساق بولمايدۇ. كۈندۈزى ئۆيدە جىمجىت ئارام ئېلىپ، گۇگۇم ۋاقتىدىن تاكى ئەتىسى سەھەرگىچە سىرتلاردا مېڭىپ يۈرسەك بولىدۇ. بىلدىڭمۇ؟

— بىلدىم.

— بىلگەن بولساڭلا بولدى ئاپپاق بالام، شۇڭا ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىمىز. بۇ ئىككىمىز تۇرىدىغان جاي، بىز ئۈچۈن مۇشۇ جاي بىخەتەر. ھە، ئەمدى يېتىپ ئۇخلا.





لېكىن بەمبىنىڭ ھازىرچە ياتقۇسى يوق ئىدى.

— نېمىشقا بىزگە مۇشۇ جاي بىخەتەر؟ — سورىدى ئۇ.

— چۈنكى بۇ جايدىكى چاتقاللار بىزنى قوغداپ تۇرىدۇ. چاتقاللارنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنىڭ شاراقلاشلىرىدىن، نەم يەردىكى خازانلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرالايمىز... يەنە بۇ يەردىكى ئالا قاغا، سېغىزخانلارمۇ بىز ئۈچۈن قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەرگە نېمىلا كەلسۇن، يىراقتىنلا بىلىپ بولىمىز...

— خازان دېگەن نېمە ئۇ؟ — سورىدى بەمبى.

— كەل، قېشىمدا ياتقىن، — دېدى ئاپىسى، — ئاندىن ساڭا سۆزلەپ بېرەي.

بەمبى گەپ ئاڭلاپ ئاپىسىغا يۆلىنىپ ياتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا ئورماندىكى دەرەخلەرنىڭ دائىملا يېشىل تۇرمايدىغانلىقىنى، كۈننىڭ ئىسسىقلىقىمۇ يوقىلىدىغانلىقىنى، شۇ چاغ يەتكەندە ھاۋانىڭ سوۋۇپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سوغۇق تەسىرىدە سېرىق، قوڭۇر، قىزىل رەڭلەرگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئاستا يەرگە تۆكۈلىدىغانلىقىنى؛ بۇ چاغدا مەيلى چوڭ دەرەخلەر ياكى چاتقاللار بولسۇن، ھەممىسىلا قاقشاللىشىپ، بەكمۇ بىچارە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى؛ تۆ-



كۆلگەن يوپۇرماقلارغا ئاياغ بېسىلسىلا شىلدىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ:
«بىرسى كەلدى!» دەپ خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
ئاندىن ئۇ، ھە، قۇرۇپ كەتكەن بۇ يوپۇرماقلار بەلەنمىگەن،
ئۇلار باشقىلارغا ياخشى بولسۇن دەپلا تۇرىدۇ؛ ئۇلار شۇنچىلىك
سەزگۈركى، ھەتتا ياز پەسلىدىمۇ دەرەخ، چاتقاللار
ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش
بېرىپلا تۇرىدۇ، دېدى.
بەمبى ئاپىسىغا چىلىق يېپىشقىنىچە ئوتلاق-
نى ئۈنتۈدى. ئاپىسىنىڭ مۇشۇنداق پارىڭىنى
ئاڭلاپ يېتىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك – ھە.
ئاپىسى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئوي-
غا پاتتى. بۇ قېرى يوپۇرماقلار نېمىدېگەن
ياخشى. گەرچە ئۇلار قۇرۇپ،
مۇزلاپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن بول-
سىمۇ يەنىلا تىرىشىپ باشقىلارنى ئا-
گاھلاندۇرۇپ تۇرىدىكەن، دەپ
ئويلىدى ئۇ. ئاندىن يەنە، ئاپام قايتا –
قايتا دەۋاتقان خەتەر زادى نېمىدۇ؟
دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ
خىياللىرى ھېچ تۈگىمەيدىغاندەك
ئەمەس. ئەتراپ تىپتىنچ،
پەقەت ئىسسىپ كەتكەن
ھاۋالا ھۆپۆلدەپ تۇ-
راتتى. ئويلا – ئويلا
ئاخىر ئۇ قانداق
ئۇخلاپ قالغان-
لىقىنى تۇيمايلا
قالدى.





# 4 ـ باب

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بەمبى ئاپىسى بىللە ئورماندىن چىقىپ، ئوتلاققا ئاياغ باستى. ئۇ بۇ يەردىكى كۆرگىنى، ئاڭلىغىنى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ بولدۇم دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئەمەلىيەت شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھاياتتا ئۇ بىلمەيدىغان نەرسىلەر تېخى كۈرمىڭ ئىكەن.

دەسلەپتە ئالدىنقى قېتىمقىدەك، بەمبى ئاپىسى بىلەن قوغلاشماق ئوينىدى. ئېگىز ئاسمان، ساپ ھاۋاغا يەنە مەپتۇن بولغىنىدىن ئوتلاقتا چۆرگىلەپ يۈگۈرگەنسېرى يۈگۈرگۈسى كېلەتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاپىسىنىڭ يۈگۈرمەي جىم تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى ـ دە، تېز توختايمەن دەپ تېيىلىپ كەتتى. شۇ ئان قاڭقىپ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلىغاندىن كېيىن يەرگە مەزمۇت چۈشتى. نېرىدا ئاپىسى كىم بىلەندۇر پاراڭلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق ئېگىز ئوت ـ چۆپلەر تورۇۋالغاچقا، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەمبى قىزىقسىنىپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئىككى تال ئۇزۇن قۇلاق ئاپىسىنىڭ ئالدىدا گىلدىڭلاپ تۇراتتى. قۇلاقلار كۈل رەڭ، چىرايلىق قارا يوللۇق ئىدى. بەمبىنىڭ قورقۇپ يېقىن كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاپىسى ئۇنى چاقىردى:

— بېرى كەل، بۇ بىزنىڭ دوستىمىز ياۋا توشقان... خاتىرجەم كېلىۋەر، ئۇ سېنى ئوبدان كۆرۈۋالسۇن.



شۇنىڭ بىلەن بەمبى ئۇنىڭ قېشىغا باردى. يەردە ئولتۇرغان ياۋا توشقاننىڭ تۇرقىدىن تۈزلۈك چىقىپ تۇراتتى. چۆمۈچنىڭ سېپىغا ئوخشايدىغان بىر جۈپ قۇلىقىنى تۈرۈپلا دىڭگايتىۋالسا، تۈرۈپلا يۇمشاپ كەتكەندەك سالپايتىۋالاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىككى يېقىغا دىڭگىيىپ تۇرغان قاتتىق ھەم تۈز بۇرۇتلىرىنى كۆرۈش

بىلەن بەمبىنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئەمما توشقاننىڭ چىرايىدىكى ئىللىقلىق، يوغان ھەم دۈگىلەك كۆزلىرىدىكى كەمتەرلىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاداش بولسام بولغۇدەك دەپ ئويلىدى - دە، كۆڭلىدىكى قورقۇنچى تۈگىدى.

— خەيرلىك كەچ، يىگىت! — دېدى توشقان ئەدەپ بىلەن.

بەمبى بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. ئۇ زادى نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇشنىڭ دوستلۇق، تەربىيە كۆرگەنلىكنى، شۇنداقلا يەنە ئازراق مەغرۇرلۇق، كەڭ قورساقلىقنىمۇ بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرىكىتى تۇغۇلۇشىدىنلا باردەك ناھايىتى تەبىئىي ئىدى.

— قاملاشقان شاھزادە ئىكەنغۇ، — دېدى توشقان ئۇنىڭ ئاپىسىغا. ئاندىن بەمبىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. قۇلاقلىرىنى بولسا تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن، تۇرۇپلا ئىككىسىنى تەڭ دىڭگايتىۋالاتتى. تۇرۇپلا يەنە دىڭگايتىپ نېمە قىلاتتىم دېگەندەك ئىككىلىسىنى تەڭلا



سالپايتىۋالاتتى. ئۇنىڭ كېينكى ھەرىكتى بەمبىگە ياقمىدى.
توشقان يوغان كۆزلىرىنى بەمبىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىپ قاراپ
تۇراتتى. بۇرنى، ئېغىزى، ئاجايىپ بۇرۇتلىرى خۇددى ماڭقىسىنى تار-
تىۋاتقاندەك توختىماي مىدىرلايتتى. بەمبى بۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز
قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى، توشقانمۇ تەڭ خىرىلداپ كۈلدى. شۇ
ئان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ سېھىرلىك تۈس ئالدى.
— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇ بەمبىنىڭ ئاپىسىغا، — مۇ-
شۇنداق ئوغلىڭىزنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن سىزنى چىن دىلىمدىن قۇت-
لۇقلايمەن. قاراپ تۇرۇڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قالتىس شاھزادە بو-
لىدۇ... راست دەۋاتىمەن، ئۇزاققا بارمايلا چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.
توشقان ئالدى پۇتلىرىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ تىك تۇرغانىدى
بەمبى كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيلا قالدى. توشقان قۇلاقلىرىنى تىكلەپ،
بۇرنىنى قىمىرلىتىپ، ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن يەنە تۆت
پۇتلۇق بولۇپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى.
— ئەمدى ئېسىلزادە خانىم بىلەن بۇغىچاققا خوش دەيدىغان
بولدۇم، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن ئاخشام قىلىدىغان ئىشىم بەك
تولا... مېنى كەچۈرۈڭلار، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بۇرۇلۇپلا
يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ مۈرىسىگە
چىڭ يېپىشتۇرۇۋالغانىدى.
— خەيرلىك كەچ، — دەپ توۋلىدى بەمبى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن.
— ئوماق توشقانىكەن... — دېدى ئاپىسى كۈلۈمسىرەپ، —
شۇنداق تۈز ھەم كەمتەر ئىكەن. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ياشىماق ئا-
سان ئەمەس، — سۆزلىرىدىن ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى كۆڭلى ۋە
ھېسداشلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
بەمبى ئاپىسىنى يالغۇز ئولتۇرغىلى قويۇپ، بىردەم ئەتراپىنى چۆر-
گىلەپ قىيغىتتى. ئۇنىڭ بۈرۈنقى دوستلىرى بىلەن يەنە ئۇچراشقۇسى
بار ئىدى. بۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلى

هامان شۇنىڭغا تارتىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز يىراقتىكى چۆپلۈكتىن شىلدىرلىغان ۋە يەرگە توكۇلداپ تېگىۋاتقان ئاۋاز غۇۋا ئاڭلاندى. بەمبى بېشىنى كۆتۈرۈپ، بوينىنى سوزۇپ ئۇدۇلغا قارىدى. ئورماننىڭ ئوتلاققا تۇتىشىدىغان يەنە بىر ئۇچىدا قانداقتۇر بىر نەرسە ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. جانىۋار ئىكەن... هوي، بىر ئەمەس، ئىككى! بەمبى دەرهال ئاپىسىغا قارىدى، لېكىن ئۇ پەرۋايى پەلەك بېشىنى چۆكۈرۈپ ئوتلاش بىلەن ئىدى. هېلىقى ئىككى جانىۋار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ بەئەينى بايام ئۇ ئاپىسى بىلەن قوغلاشماق ئوينىغاندەك چۆرگۈلەپ يۈگۈرەشمەكتە ئىدى. بەمبىنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىپ قاچماقچى بولغانلىقىنى بايقىغان ئاپىسى دەرهال بېشىنى كۆتۈردى.

— نېمە بولدى؟ — ئاپىسى ئۇنى توختىتىۋالدى.

بەمبى ئاغزى گەپكە كەلمەي كېكەچلىگىنىچە:

— ئاۋۇ... ئاۋۇ... — دېدى.

— هە شۇ ئىشمىتى، — دېدى ئاپىسى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ قويغاندىن كېيىن، — ئۇ مېنىڭ نەۋرە هەدەم، هازىر ئۇنىڭمۇ



بىر بالىسى بار... ھە، ياق، ئىككىسى بار، — شۇنداق دەۋېتىپ ئاپىسى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. سەلدىن كېيىن ئۇ بۇ گەپنى يەنە تەكرارلىدى، — شۇنداق، ئانىنىڭ ئىككى بالىسى بار... راستىنلا ئىككىسى...

بەمبى بىر چەتتە تۇرۇپ يىراقتىن ئۇلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇ تەرەپتە ئاپىسىغا ئوپئوخشاش بىر گەۋدە تۇراتتى. بايا بۇنى بايقىمىغانىكەن. بەمبى ئۇنىڭ نېرىسىدا ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە قىزىل لېنتىدەك كېتىۋاتقان دۇمبىلەردىن ئىككى بوغچاقنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— يۇر، — دېدى ئاپىسى، — ئاشۇ ياققا بارايلى. ئۇلار سېنىڭ ئاداشلىرىڭ.

بەمبى پۇتلىرىنى كېرىپ يۇگۇرمەكچى بولدى - يۇ، ئاپىسىنىڭ ئەتراپىنى كۆزەتكەچ ئاستا قەدەم ئېلىشلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. لېكىن ئۇ تېزرەك بېرىشقا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.





— ئانىنا بىلەن چوقۇم ئۇچرىشىپ قالىمەن دەپ بۇرۇنلا ئويلى-غان، — دېدى ئاپىسى، — ئۇنى نەدىكىن دەپ يۈرەتتىم، ئۇنىڭ بالىسى بارلىقىنىغۇ قىياس قىلىپ بولغان، ئەمما ئىككى بالىسى بارلىقىنى...

قارشى تەرەپمۇ ئۇلارنى بايقاپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا كەلدى. بەمبى چوڭ ئاپىسىغا ئاۋۋال سالام بې-رىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چوڭ ئاپىسىنىڭ بالىلىرىدىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى.

چوڭ ئاپىسى ئۇلارغا بەكلا يېقىنچىلىق بىلدۈردى.

— ھە راست، — دېدى ئۇ بەمبىگە، — بۇنىڭ ئىسمى گېبىر، ماۋۇ فالىنە. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىللە ئوينايسىلەر.

باللار قورۇنغان ھالدا بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇراتتى. گېبىر فالىنەگە يانمۇيان، بەمبى بولسا ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۇلار مىدىر - سىدىر قىلىشماي بىر - بىرىگە خېلى ئۇزاق سەپسېلىشتى.

— ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى، — دېدى ئاپىسى، — بىر دەمدىلا ئاداش بولۇپ كېتىدۇ.

— بەك ئوبدان بالا بوپتۇ، — دېدى ئانىنا چوڭ ئاپىسى بەمبىنى ماختاپ، — بەدىنىمۇ كۈچلۈك ھەم قاملاشقان...

— ھە، ھەرھالدا بولىدۇ، — دېدى ئاپىسى كەمتەرلىك قىلىپ، — ئىشقىلىپ مەن رازى. لېكىننزە ئانىنا، سىنىڭ ئىككى بالاڭ باردە...

— ھەي، شۇنداق بولۇپ قالدى، بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق دېگەندەك، — دېدى ئانىنا چۈشەندۈرۈپ، — قەدىرلىكىم، سەنمۇ بىلىسەن، مەن نۇرغۇن بالا تۇغدۇم...

— بەمبى مېنىڭ تۇنجام... — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى.



— ئالدىرىمساڭ، — دېدى ئانىنا بەمبىنىڭ ئاپە-سىغا تەسەللى بېرىپ، — يەنە بىر تۇغقىنىڭدا...

باللار تېخىچىلا گەپ قىلىشماي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز فالىنە بىرلا تاقلاپ قويۇندەك يۈگۈرگە-





لى تۇردى. چۈنكى ئۇ مۇنداق تۇرۇۋېرىپ زېرىككەندى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بەمبى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گېبېرمۇ تەڭ چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇچقاندەك بىر ئايلاندى ـ دە، تۇيۇقسىز بۇرۇلمىز دەپ سوقۇلۇپ موللاق ئېتىپ كېتىشتى. ئاندىن دەرھال سەكرەپ تۇرۇشتى ـ دە، يەنە بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناشتى. ھاسىراشقىنىچە توختاشقاندا بولسا ئوبدانلا چىقىشىپ كېتىشكەندى. بۇ چاغدا ئۇلار پاراڭغا چۈشۈشتى.

بەمبى ئۇ ئىككىسىگە ئۆزىنىڭ بىر چېكەتكە بىلەن ئاداش بولغانلىقى، يەنە ئاق رەڭلىك بىر كېپىنەك بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ گەپچە ماي قوڭغۇز بىلەن پاراڭلىشىپ باقمايسەن دە؟ — سورىدى فالىنە.

— ياق، — بەمبى ماي قوڭغۇز بىلەن پاراڭلىششى تۈگۈل ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، ھەتتا قانداق نەرسىنىڭ ماي قوڭغۇز دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرىمەن، — دېدى فا-
لىنە ماختانغان ھالدا.

— بىر قېتىم مېنى قۇر تىللاپ كەتكەن، — دېدى بەمبى.

— راستىما؟ — ھەيران بولدى گېبېر، — قۇر راستىنلا ساڭا ئەدەپسىزلىك قىلدىما؟ — گېبېر ناھايىتى ساددا، ئاددىي ئويلايدىغان بولغاچقا، بىر ئىشلارغا ئاسانلا ھەيران قالاتتى.

— مېنىڭچۇ قارا، — دېدى ئۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى تىلغا ئې-
لىپ، — بۇرنۇمغا كىرپە تىكىنى سانجىلىپ كەتكەن.

— كىرپە دېگەن كىمۇ؟ — سورىدى بەمبى خۇش بولۇپ. قارىغاندا ئاداشلىرى بىلەن بىللە بولسا تۇرغۇن قىزىق ئىشلارنى ئاڭلايدىكەن.

— كىرپە بەك قورقۇنچلۇق نەرسە، — دېدى فالىنە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرى تىكەن... ئۇ بەك ئەسكى!

— ئۇنى راستىنلا بەك ئەسكى دەپ قارامسەن؟ — سورىدى گېبېر، — ئۇ ساڭا چېقىلمىغان تۇرسا.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى فالىنە دەرھال ئىنكار قىلىپ، — ساڭا تىكىنىنى سانجىغان تۇرسا.

— ھىم، بۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىمدىن



بولغان، — گېپىر ئۆزىنىڭ بۇ گېپىنى ياقتۇرمىغانىدى، — مۇنداقلا سانجىپ قويغان، ئانچە ئاغرىمىدى.

— ئۇ نېمىشقا سەن بىلەن پاراڭلاشمايدىكەن؟ — سورىدى بەھبى بېشىنى بۇراپ.

— ئۇ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، — فالىنە گەپكە ئارىلاشتى، — بىرەرسى يېقىنلاشسىلا تۈگۈلۈۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا قايىقدىنلا قارىساڭ ساپلا تىكەن. ئاپامنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئاشۇنداق ئەكەن، ھېچقانداق ھايۋان بىلەن ئارىلاشمايدىكەن.

— بۇ ئۆزىنىڭ قورققانلىقىدىن بولسا كېرەك، — گېپىر باشقىچە قاراشنى ئېيتتى.

— ئاپام بۇنداق جانىۋارلار بىلەن ئارىلاشماڭلار دېگەن، — دېدى فالىنە بىلىدىغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولغاچ.

بۇ چاغدا بەھبى تۇيۇقسىز پەس ئاۋازدا گېپىردىن سوراپ قالدى:

— دەپ باققىنا، خەتەر دېگەن... زادى نېمە؟

شۇ ئان ئۇ ئىككىسى سەگەكلىشىشتى ھەمدە ئۈچ باش بىر يەرگە كەلدى.

گېپىر بەھبىنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋاب بېرىشنى جىددىي كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا زادى قانداق جاۋاب بېرىش توغرۇلۇق بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— خەتەر دېگەن... — ئۇ دۇدۇقلىغىلى تۇردى، — خەتەر دېگەن... بەك ئېغىر، بەك ئەسكى ئىش...

— شۇنداق، — دېدى بەھبى جىددىيلەشكىنىدىن ئۈنى تېزرەك ئېيتىشقا دەۋەت قىلىپ، — بەك ئېغىر، بەك ئەسكى ئىشلىقىغۇ راست... لېكىن ئۇ زادى نېمە؟

ئۈچ شاكىچىك قورقۇشقىنىدىن ئىختىيارسىز تىترىشىپ كېتىشتى.

— خەتەر دېگىنىمىز... — دېدى فالىنە تۇيۇقسىز خۇشال ۋارقىراپ، — ھەممىمىز تېز قاچايلى دېگەن

گەپ... — سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۇ پەرتتىدە قاچتى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ يەردە قورقۇپ تۇرىۋەرگۈسى كەلمىگەندى. بەمبى بىلەن گېبىر ئۇنى قوغلىغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بايىقى ۋەھىملىك سوئالنى ئۇنتۇشۇپ، يۇمشاق چۆپلەرنى شالدىرلىتىپ چېپىشقىلى تۇردى.

بىردەم يۈگۈرۈشۈپ ئوينىغاندىن كېيىن يەنە توختىشىپ بايىقىدەك پاراڭغا چۈشۈشتى. ئاپىلىرىغا قاراشقاندى، ئۇلارمۇ ئوتلاشقاچ شۇنداق كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋېتىپتۇ.

— گېبىر! فالىنە! ئەمدى ماڭىمىز... — دەپ چاقىردى ئانىنا بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— يۇر... ۋاقىت توشتى، — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسىمۇ.

— بىردەم، — دېدى فالىنە ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ، — يەنە بىردەم ئويىنىۋالايلىچۇ.

بەمبىمۇ ئاپىسىغا يالۋۇردى:

— يەنە بىردەم تۇرايلىچۇ! ماقۇلمۇ! بۇ يەر بەك ياخشىكەن!

— بۇ يەر ھەقىقەتەن ياخشىكەن... يەنە بىردەم، — دېدى ساددا گېبىرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچى قايناپلا كېتىشتى.

— قانداقكەن، — دېدى ئانىنا بەمبىنىڭ ئاپىسىغا، — گېپىم



راستمىكەن؟ مانا ئۇلار ئايرىلىشقا قىمايۋاتىدۇ.

بۇ چاغدا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش بەمبى بۈگۈن كۆرگەن ھەممە ئىشتىنمۇ مۇھىم ئىدى. ئورمان تەرەپتىكى يولدىن كۈچلۈك قەدەم ئالغان تۇۋۇش بىلەن تەڭ شاخ - شۇمبىلارنىڭ قاراس - قۇرۇس ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ زەن قويۇپ ئاڭلىغىچە، ئۇلار ئورماندىن ئېتىلىپ چىقىپ بولۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئالدىدا، يەنە بىرى كەينىدە قۇيۇندەك يۈگۈرۈشۈپ ئوتلاقنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن يەنە ئورمانغا كىرىپ كېتىشتى. كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ تېزلىكىگە ھەيران بولۇپ تۇرۇشقاندا ئۇلار يەنە ئورماندىن ئېتىلىپ چىقىشتى. بۇ قېتىم ئۇلار بەمبىلەرگە يىگىرمە قەدەمچە قالغاندا تۇيۇقسىز توختاشتى.

بەمبى ئۈندىمەستىن ئۇ ئىككىسىگە سەپسېلىپ قارىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقى ئاپىسى بىلەن ئانىنا چوڭ ئاپىسىغا ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن باشلىرىدا ئۈچ ئاچماق مۈڭگۈزى، مۈڭگۈزلىرىدە مونەك



ۋە بىگىزلەر بار ئىدى. بەمبى بۇ ئىككىسىگە نۆۋەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى پاكارراق، مۈڭگۈزلىرىمۇ كىچىكرەك، يەنە بىرى بولسا گەۋدىلىك ھەم مەغرۇر، مۈڭگۈزلىرىنىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان، مۈڭگۈزلىرىنى قارا ۋە قوڭۇر مونەكلەر بىلەن يالتىراپ تۇر-غان ئاق بىگىزلەر قاپلىغانىدى.

«پاھ!» دەۋەتتى فالىنە ھەيران بولغىنىدىن. گېيىرمۇ بوش ئا-ۋازدا «پاھ!» دەپ ماختىدى. پەقەت بەمبىلا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قاراپلا قالغاچقا گەپ قىلمىدى.

ئۇلار ئورمان تەرەپكە يۈزلىنىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ماكا-نىغا ئاستا مېڭىشتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر ھېلىقى بۇغا خۇددى پادى-شاھلاردەك قەددىنى تىك تۇتۇپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغىنىچە ئا-نا - باللارنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. باللار تاكى ئۇ ئورمانغا كىرىپ كەتكۈچە جىددىيلەشكىنىدىن دېمىنىمۇ چىقىرالماي قاراپ تۇرۇشتى.

— ئۇلار كىم؟ — دەپ سورىدى فالىنە تۇنجى بولۇپ ئارد-



دىكى جىملىقنى بۇزۇپ. سوراۋېتىپ ئىنچىكە، شېتىلە ئاۋازى ئازراق تىترىدى.

— ئۇلار كىم؟ — سورىدى گېبېرمۇ ئۇنىڭ سورىغىنىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇلاپلا.

بەمبى گەپ قىلمىدى.

— ئۇلار داداڭلار، — دېدى ئانىنا تەنتەنىلىك ھالدا.

شۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پاراڭ بولۇنمىدى. ئاندىن ئۇلار ئايرىلىپ، ئانىنا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ياندىكى چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ماڭار يولى بار ئىدى. بەمبى بولسا ئاپىسى بىلەن ئوتلاق ۋە كاۋچۇك دەرەخلىرىدىن ئۆتۈپ ئاندىن ئۆز يولىغا چۈشەلەيتتى. ئۇ خېلىغىچە جىممىدە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئۇلار بىزنى كۆرمىدىمىكىنە؟

— كۆرمەي قالامدۇ، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، — ھەممىنى كۆردى.

بەمبى دەككە - دۈككىدە بولۇپ، يەنە سوئال سوراشقا پېتىنالمىدى. شۇنداقتىمۇ سوئاللار ئىچىنى تاتىلاپ زادىلا ئارام بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە:

— نېمىشقا... — دېدى - يۇ، ئاخىرىنى چىقارمىدى.

— نېمە دېمەكچىسەن بالام؟ — دېدى ئاپىسى كۆڭۈل ئاياپ.

— ئۇلار نېمىشقا بىز بىلەن بىللە يۈرمەيدۇ؟

— ئۇلار بىز بىلەن بىللە يۈرمەيدۇ، — دېدى ئاپىسى، — پەقەت...

— ئۇلار نېمىشقا بىزگە گەپ قىلمايدۇ؟ — ئەزۋەيلەپ سورىدى بەمبى.

— ھازىرچە بىز بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، — دېدى ئاپىسى، — پەقەت ۋاقتى يەتكەندە... بۇنى چوقۇم كۆتۈشىمىز كېرەك... تاكى ئۇلارنىڭ پاراڭلاشقۇسى كەلگۈچە كۈتمىسەك بولمايدۇ.





— دادام مەن بىلەن پاراڭلىشارمۇ؟ — سورىدى بەمبى كۆڭلىدىكى تەقەززالىقنى بېسىپ بولالماي.

— چوقۇم پاراڭلىشىدۇ، — دېدى ئاپىسى كېپىللىك بېرىپ، — سەن چوڭ بولغاندا ئاندىن سەن بىلەن پاراڭلىشىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىسەن.

بەمبى لام - جىم دېمەي ئاپىسى بىلەن بىللە كېتىپ باراتتى. كاللىسىدىن دادىسىنىڭ سىماسى زادىلا نېرى كەتمەيتتى. «ئۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە! — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھەقىقەتەن ئۇلۇغكەن!»

— ھاياتلا بولىدىغان بولساڭ بالام، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، — خەتەردىن قۇتۇلغۇدەك چىچەن بولالىساڭ، ھامان بىر كۈنى داداڭدەك قاۋۇل، ئۇلۇغ بولىسەن ھەم داداڭنىڭكىدەك ئاشۇنداق يوغان مۈڭگۈزلىرىڭ بولىدۇ.

بەمبى بەخت ۋە ئارزۇ -
ئارمانلارغا چۈلغانغىنىچە چوڭ-
قۇر بىر نەپەس ئالدى.



# 5 ـ باب

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەمبى نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈردى ھەم بىلىدىغانلىرىمۇ بارغانچە ئاشتى. بەزىدە بېشى قېتىپ قالغان مەزگىللەردە شۇنچىۋالا نەرسىنى ئۆگىنىش كېتەمدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالىدۇ. مانا ھازىر ئۇ ھەر خىل ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى. ئەتراپىدىكى ياڭراق ئاۋازلارنى پەرق ئېتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇ ھەتتا بوشقىنا تىۋىش، شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن شىپىر ـ شىپىر ئاۋازلىرىنىمۇ توغرا پەرقلەندۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ، قىرغاۋۇلنىڭ چاتقاللىقتىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك، يېنىك ئاياغ تىۋىشىدىنلا بىلىۋالالايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، چاشقانلارنىڭ يۇگۈرۈشىنى تىڭشاپمۇ قايسىسىنىڭ قارىغۇ چاشقان ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدۇ. چۈنكى قارىغۇ چاشقان خۇش بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا بۇزۇن دەرەخلىرى ئارىسىدا ۋىچىرلاشقىنىچە بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناشقا ئامراق. يەنە شۈڭقارنىڭ قوپال سايرىشىنىڭ





سەۋەبىنى بىلىشتىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ غەزەپلىك ئاھاڭدىن بۇركۇت ـ لاچىنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ماكانىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلەيدۇ. ئورمان كەپتىرى بىلەن ئۆردەكنىڭ قانات قېقىشلىرىنى ئايرىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس. ھازىر ئۇ پۇراش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئۇزاققا قالماي ئاپىسى بىلگەننىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئاۋۋال چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ئاندىن ئاستا پەرقلەندۈرىدۇ. شامال ئوتلاق تەرەپتىن كەلگەن بولسا، بۇ بىدە بىلەن سۇلۇنىڭ ھىدى ئىكەن دەيدۇ؛ ھە راست، ئۇ تەرەپتە يەنە توشقان ئادىشىمۇ بار، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. دەرەخ يوپۇرمىقى، نەم تۇپراق، تاغ پىيىزى ۋە يىپىشقاق ئوتلارنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى ئارىسىدىنمۇ ئاق باش ئاغمىخاننىڭ زادى قەيەردىن ئۆتكەنلىكىنى پۇراپ بىلەلەيدۇ. ناۋادا بۇرنىنى يەرگە يېقىن ئاپىرىپ ئىنچىكىلەپ پۇرايدىغان بولسا، بۇ يەردىن بايىلا تۈلكىنىڭ ئۆتكەنلىكى ياكى يېقىن ئاداشلىرىنىڭ، مەسىلەن، ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

كېچىنىمۇ شۇنداق چۈشىنىپ كەتتى، بۇرۇنقىدەك كۈندۈزى ئوتلاققا بېرىپ ئويناشنى ئارزۇ قىلماس بولدى. ھازىر ئۇ كۈندۈزى تومۇز ئىسسىقتىن قېچىپ ئاپىسى بىلەن تار، قاراڭغۇ ئۆيدە بىللە يېتىپ جىممىدە ئۇخلاشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئويغىنىپ، ئەتراپنى تىڭتىڭلاپ، ھىدلاپ باقىدۇ. ھە، ھەممە ئامان ـ ئېسەن ئىكەن، پەقەت بىرنەچچە ئاغزى بېسىقماس قۇشقاچلا ھە دەپ ۋىچىرلاۋېتىپتۇ، يەنە تاغ كەپتىرىمۇ ھە دەپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن بۇلار مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

ئۇ كېچىنى ياقتۇرۇپ قالغاندى. كېچىدە ھەممەيلەن جانلىنىپ، ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە كېچىدىمۇ ھوشيار بولماي بولمايدۇ، لېكىن كۈندۈزگە باققاندا جىق ئازادە، نەگە بارىمەن دېسە شۇ يەرگە بارغىلى بولىدۇ. ھەممىلا يەردە تونۇشلار بىلەن



دوستلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، كۆندۈزدىكىدەك غەم بىسىپ يۈرمەيدۇ. كېچە پەردىسى يېپىلغان ئورمان سۈرلۈك ھەم جىمجىت، ئاۋازلار ئاز بولغاچ ناھايىتى ياڭراق ئاڭلىنىدۇ. كۈندۈزدىكى ئاۋازلارغا قارىغاندا بېرىدىغان تەسىرىمۇ بەك چوڭقۇر. بەمبى مۈشۈكياپىلاقتا بەك ئامراق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۇچۇشقا بەك ئۇستا، ئازراقمۇ شەپە چىقارمايدۇ ھەم شۇنداق يەڭگىل. كېپىنەكمۇ ئۇن ـ تىنسىز ئۇچقىنى بىلەن، ئۇنى مۈشۈكياپىلاقتا قانداق سىپلىشتۇرغىلى بولسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۈشۈكياپىلاقنىڭ تۇرقىمۇ ئاجايىپ، دائىم چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقاندەك ھەم ناھايىتى كەسكىن كۆرۈنىدۇ. بەمبى ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرانە، قەتئىيلىك ۋە قورقۇمسىزلىق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە بەك قايىل. بەمبى ئۇنىڭ ئاپىسى ياكى باشقىلار بىلەن سالغان پارىڭىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ، بىر چەتتە ئۇنىڭ سۈرلۈك كۆزلىرىگە قايىللىق ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرىدۇ. سۆزلىرىدىكى چوڭقۇر مەنىنى تولۇق چۈشىنىپ بولالمىسىمۇ، ئەمما ئۆزگىچە قاراشلىرىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مۈشۈكياپىلاقنىڭ ھۇۋلىشى بۇلبۇلغىمۇ، سېرىق سوپىسوپىياڭغىمۇ ياكى كاككۇكنىڭ زوق ـ شوقى بىلەن سايرىشىغىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇنداقتىمۇ بەمبى ئۇنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاشقا ئامراق. چۈنكى ئۇنىڭ ھۇۋلاشلىرىدىن بەمبى بىر خىل سىرلىق سۈر ـ ھەيۋىنى، تەسۋىرلىگۈسىز ئەقىل ـ پاراسەت ۋە چۈشىنىكسىز دەرد ـ ھەسرەتنى ھېس قىلىدۇ. يەنە ئۇكەمۇ بار. ئۇ بەك ئوماق، زېرەك ھەم خۇشخۇي قۇش. قىزىققاق ھەم باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا بەك ئامراق. بار كۈچىنى يىغىپ سايرايدىغان بولسا، قاتتىق ئازابلىنىپ يىغلاۋاتقاندەكلا ئاڭلىنىدۇ. كىمىكى ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتسە، ئۇ خۇش بولغىنىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ سايرىشى پۈتكۈل ئورماننى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدۇ، يىرىم سائەتلىك يولدىكىلەرمۇ ئاڭلىيالايدۇ. چىرقىراپ سايراپ بولغاندىن كېيىن خۇش بولۇپ خىرىلداپ كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئاۋازى بەك پەس، پەقەت ئۇنىڭ قېشىدا تۇرسىڭىزلا ئاڭلىيالايسىز. بەمبى مۇنداق بىر سىرنى بايقاپ قالدى. ئەسلىدە بىرەرسى





قورقۇپ كەتسە ياكى ئۆكەنى بىرەر بەختسىزلىككە دۇچار بوپتۇ دەپ
ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالسا، ئۇ بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدى-
كەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بەمبى ئۇنىڭ قېشىغا بارسىلا پۇرسەتنى قول-
دىن بەرمەي: «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ سورايدىغان يا بولمىسا: «ھوي،
ئەجەب قورقۇپ كەتتىما!» دەيدىغان بولدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆكە-
نىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. «شۇنداق، شۇنداق، — دەيتتى
ئۇ خۇش بولۇپ، — ئاۋازىم ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق.» شۇنداق دې-
گەچ پەيلىرىنى ھۆرپەيتىدىغان بولسا يۇمشاق كۈل رەڭ پەي توپقا
ئوخشاپ شۇنچىلىك ئوماقلىشىپ كېتەتتى.

يېقىندىن بۇيان بىرنەچچە قېتىم بورانلىق يامغۇر ياغدى، بەزىدە
كۈندۈزدە، بەزىدە كېچىدە. بەمبى كۆرگەن تۇنجى قېتىملىق بوران-
لىق يامغۇر كۈندۈزى ياغقان. ئۇ چاغدا ئۆيىنىڭ بارا - بارا قاراڭغۇ-
لىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بەمبى كۈندۈز بىردىنلا كېچىگە ئايلىنىپ
قالغان چېغى دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتكەنىدى. بوران ئورمانلارنى





چايقاپ، دەل - دەرەخلەر شالدۇر - شۇلدۇر قىلىشقاندا قورقۇپ دىر - دىر تىترەشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندە بولسا دۇنيا تىتما - تىتما بولۇپ كەتكۈدەك دەپ ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ئۇ ئاپىسى نەگە ماڭسا شۇ ياققا ماڭاتتى. شۇ تاپتا ئاپىسىمۇ قانداق قىلارىنى بىلەلمەي قالدى بولغاي، توختىماي ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. بەمبى ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى ھەم قورقۇنچىنىمۇ ھېچ باسالمىدى. ئارقىدىنلا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. شۇ ئان جىمى جان - جانىۋار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپ، ئورمان بىردىنلا قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇلار ھەرقانچە قويۇق چاتقاللىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنىلا يامغۇرنىڭ قامچىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. بىردەمدىن كېيىن چاقماق توختاپ، گۈلدۈرمامىنىڭ كۈچلۈك نەرىسىمۇ ئاستا - ئاستا يىراقلاشقا باشلىدى، يەنە ئازدىن كېيىن جىمجىت بولۇپ قالدى. يامغۇرمۇ سەل ئاستىلىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر سائەتكىچە توختىماي ياغدى. ئورمان يامغۇردا تىپتىنچ تۇرۇپ، كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالماقتا، يامغۇر سۇيىدە راسا يۇيۇنماقتا ئىدى. مانا ئەمدى يامغۇر جىمى ۋەھىمىنى پاك - پاكىز يۇيۇۋەتكەن، جىمى جانلىقنىڭ قورقۇنچىمۇ تۈگىگەنىدى.

بۈگۈن كەچقۇرۇن ئاپىسى بەمبىنى ئەگەشتۈرۈپ بالدۇرلا ئوتلاققا چىقتى. ئىلگىرى زادىلا مۇنداق بولۇپ باقمىغان، راستىنى ئېيتقاندا تېخى كەچقۇرۇنمۇ بولمىغانىدى. كۈن پېتىشقىمۇ خېلى بار، ھاۋا شۇنچىلىك تازا، ئىلگىرىكىدىنمۇ خۇش پۇراق. ئورمان ۋاڭ - چۇڭ بىلەن تولغان، جىمى جان - جانىۋار مۆكۈنگەن جايلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، بايا بولۇنغان ئىشلارنى بەس - بەستە سۆزلەشمەكتە ئىدى.



بەمبى بىلەن ئاپىسى ئوتلاققا بېرىشتا چوقۇم يوغان بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ





تۇۋىدىن ئۆتەتتى. بۇ دەرەخ يولغا چاپلىشىپ
دېگۈدەك ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار
بۇ دەرەخ تۇۋىدىن ئۆتۈۋېتىپ يوغان بىر شېخى-
دا بىر تىيىننىڭ ئۆزلىرىگە قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلى-
قىنى كۆردى.

بەمبى بۇ تىيىن بىلەن يېقىن دوست ئىدى. تۇنجى ئۇچراشقاندا ئۇ
قىزىل چاپان كىيىۋالغانلىقتىن، بەمبى يېڭى تۇغۇلغان بۇغىچاق بولسا
كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالغانىدى. ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا
بەمبى ھەققەتەن بەك گۆدەك، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ تى-
يىننى بىر كۆرۈشتىلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئەدەپلىك
ھەم پاراڭخۇمار ئىدى. ئۇنىڭ گىمناستىكا، ئۆمىلەش، سەكرەش دې-
گەندەكلەرنىڭ ھەممىسىگىلا شۇنچىلىك ماھىرلىقى بەمبىنىڭ بەك ھە-
ۋىسىنى كەلتۈرەتتى. بەزىدە ئۇ پاراڭلاشقاچ سىلىق دەرەخ شېخىدا
شۇنداق بىمالال يۈگۈرۈپ ئوينايتتى. گاھ ئىرغاڭلاپ تۇرغان دەرەخ
شېخىدا ئۆرە بولۇپ، يۇڭلۇق قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، قۇيرۇقىغا يۆ-
لەنگىنىچە ئاپپاق قورسىقىنى ئېچىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرسا، گاھ قىسقا
قوللىرىدا شاخلارنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇپ، بەدىنىنى تەۋرەتكىنىچە
بېشىنى ئۇياق - بۇياققا بۇراپ، كۆزلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ بىر-
مۇنچە ھەزىلكەشلىك قىلاتتى. مانا ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئېتىلىپ چۈشمەك-
تە. ئۇنى چۈشەنمىگەنلەر بېشىمىزغا سەكرەپ چۈشمەكچى ئوخشايدۇ
دەپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئەمما ئۇ ئېگىز بىر جايدا شارتتىدە توخ-
تاپ، قىزىل قۇيرۇقىنى پۇلاڭلاتقىنىچە:

— ياخشىمۇسىلەر! كۈندۈزۈڭلار خەيرلىك بولسۇن! بۇ يەردىن
ئۆتۈۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم! — دېدى.

ئاپىسى بىلەن بەمبى مېڭىشتىن توختىدى.



تىيىن سىلىق غولنى بويلاپ يۈگۈرۈپ چۈشتى - دە، ئۇلارنى پاراڭغا تۇتتى:

— قانداقراق... ئوبدان تۇرغانسىلەر؟ كۆردۈم، كۆردۈم، چاتاق يوق ئىكەن، ھەممىڭنىڭ مۇھىمى مۇشۇ، — گەپ ئارىلىقىدا ئۇ يەنە دەرەخ ئۈستىگە چاقماقتەك تېز يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، — ياق، پەس تەرەپ ماڭا بەكلا نەم كېلىپ قالىدىكەن. بىر دەم ساقلاپ تۇرۇڭلار، ئوبدانراق ئورۇنغا جايلىشىۋالاي، بۇنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار جۇمۇ. رەھمەت، رەھمەت! بۇ يەردە ئولتۇرغىنىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالمايسىلەرغۇ - ھە؟ بۇ يەردە تۇرساممۇ ئوخشاشلا پاراڭلىشىۋېرىمىز ئەمەسمۇ.

ئۇ تۇيۇقسىز بىر شاختا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

— بايا ئەجەب پاراكەندىچىلىك بولۇپ كەتتى دېسە! — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئۇ! ھەي، قورقۇپ كەتكىنىمنى دېمەيلا قوياي، ئۇنۇمىنىمۇ چىقىرالماي، تۈگۈلۈپلا كەتتىم. بىلىپ قويۇڭلاركى، مىدىر - سىدىر قىلماي مۇنداق جىممىدە تۇرۇش نېمىدېگەن قاملاشمىغۇر ئىش - ھە. ھېلىمۇ ياخشى، ھېچ ئىش بولمىدى. دەرىخىم قالتىس دەرەخ، شۇڭلاشقا ھېچ ئىش بولمىدى، مۇنداق ئېسىل دەرەخ ھېچ يەردە يوق... ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەن رازىمەن. بۇ دەرەخ شۇنداق كەڭ، قانداق يۈگۈرۈگۈم كەلسە شۇنداق يۈگۈرىمەن، باشقا دەرەخ ئىزدەپ يۈرۈشۈمنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. بىراق بۈگۈنكىدەك ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۈركۈپ قاچمايمەن دېگىلى بولمايدۇ - دە.

تىيىن شاختا ئۆزىنىڭ چىرايلىق قۇيرۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاپپاق مەيدىسىگە قويۇۋېلىشلىرىدىن، بايا ئۇنىڭ قانچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ئوتلاققا كېتىپ بارىمىز، — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى، — ئاپتاپسىنىپ كېلەيلى دەۋاتىمىز.

— پاھ، ئەجەپ ئوبدان ئويلاپسىلەر، — دېدى تىيىن، — سىلەر نېمىدېگەن ئەقىللىك، راست، ھەقىقەتەن ئەقىللىك ئى-

كەنسلەر! — ئۇ شۇنداق دېگەچ تېخىمۇ ئېگىز بىر شاخقا يۈگۈرۈپ چىقتى، — ھازىر ئوتلاقتا بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى، — ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ ۋارقىراپ سۆزلىدى. ئاندىن چاققانلىق بىلەن دەرەخ ئۇچىغا سەكرىدى، — مەنمۇ كۈن چۈشىدىغان جايغا چىقايچۇ، — ئۇ خۇشال ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بەدىنىم چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ! ئەڭ ئۈستىگە چىقمىسام بولمىدى! — گېپىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاش - ئاڭلىماسلىقى بىلەن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى.

ئوتلاق قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. توشقان ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇرغان، ئانىنا چوڭ ئاپىسى بىلەن ئىككى بالىسى، يەنە بىرنەچچە تونۇشلارمۇ بار ئىدى. بۈگۈن بەمبى ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆردى. ئۇلار ئورماندىن بىرى ئۇ تەرەپ، بىرى بۇ تەرەپتىن ئاستا چىقىپ كەلدى. يەنە بىرىمۇ بار ئىكەن تېخى. ئۇلار ئورمان قىرىنى بويلاپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا مەغرۇر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق، ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەنمۇ پاراڭلاشمايتتى. بەمبى يىراقتىن قارىغانچە ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە قىزىقىشى شۇنچە ئاشماقتا ئىدى.

كېيىن ئۇ فالىنە، گېبىر ۋە باشقا بىرنەچچە بالا بىلەن پاراڭلاش-





تى. بەمبى بىللە ئويناپلى دېگەندى ھەممەيلەن قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوغلاشماق ئويۇننى باشلىۋەتتى. جىمى بالىلار ئىچىدە ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويىنغىنى فالىنە بولدى. ئۇ تۈز، سەبىي ھەم شوخ، ناھايىتى چىچەن بولۇپ، پات ـ پاتلا ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن ئىشلارنى ئويلاپ تاپالايتتى. ئەمما گېبىر بايىقى گۇلدۇرماملىق يامغۇردىن قورقۇپ كېتىپ تا ھازىرغىچە تىنچلىنالمايۋاتقاچقىمۇ، بىردەم ئويناپلا ھېرىپ قالدى. گېبىرنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، سەل نازۇكراق، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان، دائىم غەمكىنرەك يۈرىدىغان بولغاچقا، بەمبى ئۇنى بەك ياقتۇراتتى.

كۈنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بەمبى يۇمران چۆپلەرنى يېيىشنى ئۆگەندى. ۋاھ، سۇلۇ نېمىدېگەن تاتلىق ـ ھە. يېڭى ئۈنگەن يوپۇرماقلىرى شۇنچىلىك يۇمشاق، بىدىنمۇ شۇنچىلىك پۇراقلىق بولىدىكەن دېسە. ھازىر ئۇ ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېمەمەن دېسە، ئاپىسى رەت قىلىپ:

— ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، — دەيدۇ. بەزىدە تېخى كۆڭلىگىمۇ قارىماي، — ماڭ، نېرى كەت، مېنى ئارامىمدا قوي، — دەيدىغان بولدى. بەزىدە كۈندۈز بولغان تەقدىردىمۇ، ئاپىسى تار ئۆيدىن سىرتقا چىققاندا، بەمبىنىڭ قېشىدا بار - يوقلۇقى، يولدا كېتىۋېتىپمۇ ئۇنىڭ ئەگەشكەن - ئەگەشمىگەنلىكى بىلەن كارى بولماس بولدى. بىر كۈنى ئاپىسى يوقاپ كەتتى. بەمبى بۇنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئۇۋىدا بەمبى ئۆزى يالغۇز قالغانىدى.

ئۇ دەسلەپتە ھەيران بولغان ۋە سەل ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن بولسا، بارا - بارا قورقۇشقا، بىچارىلەرچە ئاپىسىنى كىنەشكە باشلىدى. ئازابلانغىنىدىن ئۆيدە تۇرۇپ چاقىرىپ باقتى، لېكىن ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى.



ئۇ زەن قويۇپ تىڭشاپ، ئەستايىدىل پۇراپ باقتى. لېكىن ھېچنېمە يوق. ئاپىسىنى چەكسىز ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاستا: «ئاپا... ئاپا...» دەپ توۋلاپ باقتى. لېكىن يەنىلا ھېچقانداق سادا يوق.

ئۇ چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاخىر ئۇۋىدىن چىقتى.

تونۇش يول بىلەن بىر مېڭىپ، بىر توختاپ چاقىرغاچ ئەتراپقا تەشۋىشلىك قارايتتى. شۇنچىلىك ئاجىز ۋە ھەسرەتلىك كۆرۈنەتتى.

ماڭا - ماڭا ئىلگىرى ئەزەلدىن ئاياغ بېسىپ باقمىغان يولغا چۈشۈپ تامامەن ناتونۇش بىر جايغا بېرىپ قالدى. ئۇ، يولدىن ئېزىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا: «ئاپا... ئاپا...» دەپ توۋلاۋاتقان ئىككى بۇغىچاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ توختاپ تىڭشاپ باقتى.

گىبېر بىلەن فالىنە ئىكەن، چوقۇم شۇ ئىككىسى.
بەمبى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇزاقتا قالماي
دەرەخلەر ئارىسىدىن ئىككى قىزىل چاپانلىق غىل - پال كۆرۈندى.
گىبېر بىلەن فالىنە ئىكەن. ئۇلار بىر تۈپ كورنۇس دەرىخىنىڭ تۇ-
ۋىدە بىر - بىرىگە چىڭ يېپىشقىنىچە: «ئاپا... ئاپا... » دېيىشىپ ئې-
چىنىشلىق چاقىرىشماقتا ئىدى.

دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇلار
خۇش بولۇپ كەتتى - يۇ، بەمبى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن هامان يەنە
ئۈمىدسىزلىككە پاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىنىدىن
هەرهالدا سۆيۈنۈشتى. بەمبىمۇ ئەمدى يالغۇز قالمايدىغان بولدۇم
دەپ ئويلاپ خۇش بولدى.

— ئاپام يوقاپ كەتتى، — دېدى بەمبى.

— بىزنىڭ ئاپىمىزمۇ يوق تۇرىدۇ، — دېدى گىبېر بىچارە قىيا-
پەتتە. شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە
قارىشىپ تۇرۇشتى.

— ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ — بەمبى شۇنداق دەۋېتىپ يىغلى-
ۋەتكىلى قىل قالدى.

— بىلمەيمەن، — دېدى گىبېر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ. ئۇنىڭ
يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ بىئارام قىلماقتا ئىدى.



— مېنىڭچە... — دېدى فالىنە تۇيۇقسىز سۆز ئېچىپ، —
ئۇلار دادىلىرىمىزنىڭ قېشىغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن...

گىبېر بىلەن بەمبى بۇ گەپنى ئاڭلاپ هەيران بولغىنى ۋە قورققى-
نىدىن هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.



— سەن... دا-
دامىلارنىڭ قېشىدا دې-
مەكچىمۇ؟ — سورىدى
بەمبى تىترىگىنىچە.
فالىنەمۇ تىترە-

ۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئېيتىشنى خالىمايۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچنېمىنى، ھەتتا تۇيۇقسىز كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ ئويىنىمۇ زادى قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن گېبىر:

— راستىنلا شۇنداق ئويلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىغاندى، ئۇ چوڭقۇر ئويلانغاندەك سىرلىق قىياپەتتە سۆزىنى تەكرارلىدى:

— ھەئە، مېنىڭچە شۇنداق.

ئېنىقكى، بۇ بىر قىياس بولۇپ، يەنە ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن بەمبى بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلى ئارام تاپمىدى. ئۇ جىددىيلەشكەنلىكى، ئازابلانغانلىقىدىن ھېچنېمىنى ئويلىيالماس بولۇپ قالغانىدى.

بەمبى بىر جايدا تۇرۇۋېرىشنى خالىماي كېتىپ قالدى. فالىنە بىلەن



گېبىرمۇ: «ئاپا... ئاپا...» دەپ تۈۋلىغاچ بىردەم مېڭىپ باقتى - يۇ، ئاخىر داۋاملىق مېڭىۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

— نېمىشقا كېتىمىز؟ ئاپام بىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئەسلىي جايىمىزدا ساقلاپ تۇرايلى. شۇنىڭدا ئۇ كېلىپلا بىزنى تاپالايدۇ، — دېدى فالىنە.

بەمبى ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالدى. ئۇ قويۇق بىر چاتقاللىقنى ئارىلاپ ماڭدى. چاتقاللىق ئارىسىدا ئازراق بوشلۇق بار ئىدى. شۇ بوشلۇققا كىرىپ بەمبىنىڭ پۇتلىرى خۇددى يەرگە يىلتىز تارتقاندەك تۇيۇقسىزلا مېڭىشتىن توختاپ قالدى. بوشلۇقنىڭ قىرىدا ئېگىز بىر تۈپ ياغاچ تېگىدە بىر سايە تىك تۇراتتى. بۇنداق سايىنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ھاۋادىن كېلىۋات-

قان پۇراقنىمۇ ئەزەلدىن ھىدلاپ باقمىغانىدى. بۇ تامامەن ناتونۇش، قويۇق، بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان، ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان پۇراق بولۇپ، چىدىماق بەك تەس ئىدى.

بەمبى ئۇ سايىگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ تۇرقى ناھايىتى غەلىتە، تىككىدە، بەدىنىمۇ ئورۇق ھەم ئۇزۇن، ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان. چىرايى تاتىراڭغۇ، قاڭشىرىنىڭ ئىككى يېنىدىكى كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، كۆز ئەتراپى مويسىز، سوغۇق يۈزىدىن ۋەھشىيلىك، ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. سۈر ـ ھەيۋە بىلەن تولغان بۇ تۇرقىنى كىملا كۆرسە تەمتىرىمەي قالمايتتى. بۇنداق چىرايغا قاراپ تۇرۇش بەمبى ئۈچۈن ئازاب بولسىمۇ، ئۇ قىمىر قىلماي، كۆزلىرىنى ئۈزمەي ئۇنىڭغا داڭ قېتىپ قاراپلا قالدى.

ئۇ سايە خېلى ئۇزاققىچە قىمىر قىلماي تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر بىر پۇتىنى سوزدى. بۇ پۇت ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. بەمبى بايا بۇ پۇتىنى كۆرمىگەنىدى، شۇڭلاشقا بۇ قورقۇنچلۇق پۇت سوزۇلۇشى بىلەن قورققىنىدىن يۈرىكى جىغغىدە قىلدى ـ دە، چاتقاللىق ئارىسىدىن قۇيۇندەك قېچىپ چىقتى ۋە پۇتلىرىنى كېرىپ ھە دەپ قاچقىلى تۇردى.

دەل شۇ چاغدا ئاپىسى پەيدا بولۇپ، چاتقاللاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانا ـ بالا ئىككىسى جان ـ جەھلى بىلەن قېچىشتى. ئاپىسى يول تونۇيتتى، شۇڭلاشقا ئالدىدا يۈگۈردى، بەمبى بولسا ئارقىسىدىن. شۇنداق قىلىپ قاچە ـ قاچە، ئۇۋىنىڭ ئالدىغىمۇ بېرىپ قېلىشتى.

— كۆرگەنسەن... — بوشقىنا سورىدى ئاپىسى.

بەمبى ھاسىراپ كەتكىنىدىن گەپ قىلالماي، بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ ... مەن «ئۇ» دەپ يۈرگەن ھېلىقى نەرسىنىڭ دەل ئۆزى شۇ! — دېدى ئاپىسى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن دىر ـ دىر تىترىشىپ كېتىشتى.



# 6 ـ باب

هازىر بەمبى دائىم ئۆزى يالغۇز قالدىغان، لېكىن تۇنجى
قېتىمقىدەك ئۇنچە قورقۇپ كەتمەيدىغان بولدى. ئاپىسى يو-
قاپ كېتىپ ئۇ «ئاپا» دەپ توۋلىغاندا كەلمەي، ئۇ دىققەت
قىلمىغان چاغلاردا قېشىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئەتراپىنى ئايلىنىپ، گېبىر بە-
لەن فالىنەنىمۇ تاپالمىدى. ئۇپۇق ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلۇپ تاڭ يو-
رۇشقا، دەرەخ گۈمبەزلىرىمۇ غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز
چاتقاللىقلار شالدىرلاپ، ئاپىسىنىڭ ئۇزۇن سايىسى غىل ـ پال ئۆتۈپ
كەتتى. ئۇنىڭ كەينىگە كىمدۇر بىرى ئەگىشىۋالغانىدى. بەمبى ئۇنى
تونۇيالمىدى، بەلكىم ئانىنا چوڭ ئاپىسىدۇ ياكى دادىسىدۇ، يا بولمى-
سا باشقا بىرىدۇ. ئەمما ئاپىسى قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىر-
دىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىر ئاڭلاپلا تونۇۋالدى. ئاپىسى ئويناۋاتقان-
دەك ھە دەپ چىرقىراق ئاۋازدا چاقىرماقتا، ئەمما ئاۋازىدىن سەل
ئالاقزادە بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

يەنە بىر قېتىم كۈندۈزى بەمبى دەرەخلەرنى بىرنەچچە سائەت
ئايلانغاندىن كېيىن ئاخىر چىداپ بولالماي چاقىرىشقا باشلىدى. بۇن-
داق قىلىشى قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى يالغۇز قېلىشنى خالىما-
غانلىقى ئۈچۈن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۇزاققا قالماي ئۆزى راس-
تىنلا يەككە ـ يېگانە قالدىغاندەكلا تۇيۇلماقتا ئىدى. ئاپىسىنى چا-
قىرىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

تۇيۇقسىز داداشلاردىن بىرەيلەن
ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا سۈرلۈك
نەزەردە قارىدى. بەمبى ئۇنىڭ
كەلگىنىنى زادىلا تۇيمىغاچقا، دىگ-
گىدە چۆچۈپ كەتتى. بۇ داداش
باشقا ھەرقانداق بۇغىدىن كۆچتۈك-







گۈر، ئېگىز ھەم مەغرۇر، قىزىل چېكىملىرىمۇ يالىلداپ تۇراتتى. يۈزلىرى ئازراق كۆكۈچ ئارىلاش كۈمۈش رەڭ، قارا مونەكلىك ئېگىز مۈڭگۈزلىرىنى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— نېمىشقا تولۋالىسەن؟

— سورىدى ئۇ بەمبىنى ئەيىبلەپ. بەمبى قورۇنغىنىدىن گەپ قىلالماي تىترەپ كەتتى، — ئاپاڭنىڭ ھازىر سەن بىلەن بىللە يۈرۈشكە ۋاقتى يوق! — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

بەمبى زالىملارچە ئېيتىلغان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ بۇ خىل ئاۋازىغا قايىل بولمايمۇ تۇرالمىدى، — بىردەم يالغۇز قالغانغا نېمە بوپتۇ؟ ھۇ بىغەرەز!

بەمبى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يالغۇز ياشىيالايدىغانلىقىنى ھەم دائىم يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىنى دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھېچنېمە دېمەي، خىجالەتچىلىك ئىچىدە جىمجىت ئاڭلاپ تۇردى. بۇنى كۆرگەن داداش بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

بەمبى ئۇنىڭ قانداق مېڭىپ نەلەرگە كەتكەنلىكىنى ھەم ئىتتىك ياكى ئاستا ماڭغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق شەپە چىقارمايلا كۆزدىن غايىب بولدى. بەمبى قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ تىڭشىغان بولسىمۇ، نە ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى، نە يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىغىنىنى ئاڭلىمىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى مۇشۇ ئەتراپتا بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. بۇرنىنى ئۈچلاپ ئەتراپنى پۇراپمۇ يەنىلا

ئۇنىڭ ھىدىنى ئالالمىدى. شۇندىلا ئۆزىنىڭ باشقىلا بىر ەيلەنگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى ـ دە، يېنىك بىرنى تىنىدى. لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭدا بۇ داداش يەنە بىر قېتىم ئۇچراپ مېنى ماختىسىكەن دېگەن ئارزۇ پەيدا بولدى.

ئاپىسى قايتىپ كەلگەندە بەمبى ئۆزى ئۇچراتقان ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىسى يوق چاغلاردا ھەرگىز ئۇنى چاقىرىپ يۈرمەس بولدى. لېكىن ھەر قېتىم سىرتقا چىقىپ ئايلانغانلاردا، ئاشۇ داداشنى يەنە بىر كۆرسەم، «ئەمدى ئاپامنى چاقىرماس بولدۇم» دېسەم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى ماختاپ كەتسە دەيدىغان ئارماندا يۈردى.

بەمبى ئوتلاقتا گېبىر بىلەن فالىنەنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا دېدى. ئۇلار بەمبىنىڭ گېپىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن سۆزلىگۈدەك مۇنداق كەچۈرمىشى يوق ئىدى.

ــ قورقمىدىڭمۇ؟ ــ سورىدى گېبىر جىددىيلىشىپ.

بەمبى شۇ چاغدا ئەلۋەتتە قورققان بولسىمۇ، لېكىن بەكلا قورقۇپ كەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ــ مەن بولغان بولسام قورقۇپ يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەتتى، ــ دېدى گېبىر.

بەمبى ئۇ داداشنىڭ ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ــ مەن بولغان بولسام قورقىنىمدىن ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمىغان بولاتتىم، ــ دېدى گېبىر، ــ مېنىڭ قورقۇپ كەتسەم كۆزلىرىم تورلىشىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالىدىغان ئادىتىم بار. يەنە يۈرىكىم سېلىپ، نەپسىم يېتىشمەي قالىدۇ.

فالىنە بەمبىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئۈن ـ تىنسىز ئويغا پاتتى. يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەندە گېبىر بىلەن فالىنە ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭمۇ بەئەينى بەمبىگە ئوخشاش ئاپىسى يوق تۇراتتى.

— سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى، — دېدى گېبېر قايناپ.

— راست دەيدۇ، — دېدى فالىنە سىرلىق تۇستە، — سېنىڭ ئالدىنقى قېتىم كىمگە ئۇچرىغىنىڭنى بىزمۇ بىلدۇق.

— ئۇ... — بەمبى قىزىقسىنغىنىدىن سەكرەپ كەتتى.



— قېرى بۇغا شاھ، — دېدى فالىنە تەنتەنىلىك هالدا جاكارلاپ.

— بۇنى قانداق بىلدىڭلار؟ — سورىدى بەمبى.

— ئاپىمىز دەپ بەردى! — دېدى فالىنە.

— مېنىڭ ئىشىمنى دەۋېتىپسىلەردە؟ — دېدى بەمبى چۆچۈپ.

ئۇ ئىككىيلەن باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— بۇ دېگەن مەخپىيەتلىك تۇرسا! — دېدى بەمبى خاپا بولغىنىدىن ۋارقىراپ.

— مەن ئەمەس، فالىنە دېدى، — دېدى گېبېر ئۆزىنى ئاقلاپ.

— هەي، بۇنىڭ نەرى مەخپىيەتلىك بولسۇن! — دېدى فالىنە هېچ ئىش بولمىغاندەك، — ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقاي دېدىم شۇ. مانا هەممىمىز بىلىۋالدۇققۇ. بۇنىڭ نەرى يامان!

بەمبى ئىشىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىشكە ئالدىرىغانلىقتىن ئۆز نارازىلىقىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— ئۇ بىزنىڭ ئورمىنىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك بۇغا، بۇغا شاھ، — دېدى فالىنە بىلگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپ، — ئۇنىڭغا هېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ زادى نەچچە ياشلىقىنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنى كۆرگەنلەرمۇ جىق ئەمەس. بىر مەزگىل ئۇنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېگەن گەپلەرمۇ تارقالغان. چۈنكى ئۇ ئۇزاققىچە كۆرۈنمىگەنلىكتىن باشقىلار شۇنداق قىياس قىلىشقانىكەن. لېكىن كېيىنچە بەزىلەر ئۇنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن بۇ گەپ جىمىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەن ئۇنىڭ تېخىچە ناھايىتى ساغلام تۇرۇۋاتقانلىقىنى

بىلىشتى. لېكىن ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى دېرەكلەشكە ھېچكىم
پېتىنالمىدى. ئۇ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا
پاراڭ قىلىشتىن ئەيمىنىدۇ. ئۇ باشقىلار ماڭغان يول بىلەن ماڭمايدۇ.
ئورمانىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ يىراق - يىراق يەرلەرگە-
چە ئۇنىڭ بىلمەيدىغان جايى يوق. شۇڭلاشقا ھېچقانداق خەتەر كار
قىلمايدۇ. باشقا شاھزادىلەر ئۆزئارا كۈچ سىنىشىپ، نوچىلىق تالىشىپ،
چېقىشىپ، بەزىدە ھەتتا ئۇرۇشۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كۈچ
سىنىششقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقان بۇ-
غىلارمۇ بولغان، لېكىن بۇ بەك بۇرۇنقى ئىشلار، ھەممىسى ئۆلۈپ تۈ-
گىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بىردىنبىر بۈيۈك بۇغا شاھقا ئايلاندى.

بەمبى گېبىر بىلەن فالىنەنىڭ ئۆز مەخپىيىتىنى چوڭ ئاپىسىغا دەپ
قويغانلىقىنى كەچۈرۈۋەتتى. ھەتتا مۇشۇنچىۋالا مۇھىم ئىشلارنى بە-
لىۋالغانلىقىدىن خۇش بولدى. ئەڭ مۇھىمى، گېبىر بىلەن فالىنە ئۆزد-
نىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا، بۈيۈك بۇغا شاھنىڭ: «بىردەم يالغۇز
قالغانغا نېمە بوپتۇ؟ ھۇ بىغەرەز!» دېگىنىنى بىلمەيدىكەن. بەمبى،
مۇشۇنداق ئەيىبلەنگەنلىكىمنى ئۇلارغا دېمەي ئەجەبمۇ ياخشى قىپتىد-
كەنمەن، بولمىسا فالىنە بۇنىمۇ ئېيتماي - تېمىتماي دەۋېتىپ، ۋاقتى
كەلگەندە پۈتكۈل ئورماندىكىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ كېتەتتىكەنمەن،
دەپ خويمۇ خۇش بولدى.

بۇ ئاخشام ئاي ئۆرلىگەندە بەمبىنىڭ ئاپىسى يەنە قايتىپ كەلدى.
ئۇ تۇيۇقسىزلا ھېلىقى يوغان ھەم ئېگىز كاۋچۇك دەرىخىنىڭ تۈۋىدە
پەيدا بولۇپ، ئۇياق - بۇياققا قارىغىنىچە بەمبىنى ئىزدەشكە باشلىدى.
بەمبى بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدى - دە، يۈگۈرۈپ باردى. بۇ ئاخشام
بەمبى يەنە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى بايقىدى. ئاپىسى قورسىقى ئېچىپ ھەم
ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار بۇرۇنقىدەك ئوتلاقتا ئۇزۇن يول يۈر-
مەي، بەمبى كۈندە ئوتلايدىغان جايغا بېرىپلا ئازراق ئوتلىدى. ئاندىن
ئۇلار چاتقال يوپۇرماقلىرىدىن ئازراق يېگەچ ئاستا ئورمانغا كىردى.
ماڭا - ماڭا ئورمانغا بەكلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز چاتقاللار ئارىسىدىن شالدىر ـ شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز
ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. بەمبى بىرەر ئىش يۈز بېرەرمۇ
دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇشىغا ئاپىسى ئەۋۋۈلەپ قالدى. ئەۋۋۈلىشى
ئالاقزەدە بولغان ياكى ئامالسىز قالغان چاغلاردىكى ئاۋازىغا ئوخشاپ
قالاتتى. «ئە ـــ ۋۇ! ـــ ئۇ شۇنداق مۆرەپ لىككىدە سەكرىدى. يەر-
گە چۈشكەندىن كېيىن يەنە ئۇلاپ، ـــ ئەۋۇ، بەۋۇ!» دەپ ئەۋۋۈل-
دى. بۇ چاغدا بەمبىگە يېقىنلا جايدىن بىر توپ گەۋدىلىك ساينىڭ
شالدىر ـ شۇلدۇر ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ تۇرقى
بەمبى ۋە ئۇنىڭ ئاپىسىغا شۇنچىلىك ئوخشاش، ئانىنا چوڭ ئاپىسى ۋە
ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىمۇ بەك ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلار بەك قامەتلىك، كۈچلۈك بولۇپ، قارىغۇچىلاردا ئىختىيارسىز قا-
يىللىق پەيدا قىلماي قالمايتتى. بۇ چاغدا بەمبىمۇ: «ئەۋۇ، بەۋۇ» دەپ
ئەۋۋۈلىگىلى تۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋۋۈلگەنلىكىنىمۇ بىل-
مەيتتى. قوشۇن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە، زور
سايىلەر بىرسىنىڭ كەينىگە بىرسى ئۇلاشماقتا. ئاخىرىدا ماڭغىنى ھەم-
مىدىن ئېگىز ھەم زور، بوينىدىكى يالى ناھايىتى قويۇق، مۈڭگۈزلىرى
كىچىكرەك دەرەختەك چوڭلۇقتا، ئۇنى كىملا كۆرسە دېمىنى چىقىرىش-
قىمۇ پېتىنالمايتتى. بەمبى ئەزەلدىن مۇنداق چۈشىنىكسىز ھاياجانغا
چۆلغىنىپ باقمىغاچقا، ئۆرە تۇرغىنىچە تىۋۋلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ
شۇنچىلىك قورقۇپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن بۇ قورقۇشى بەكىمۇ ئالاھىدە
ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەكلا بىچارە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئاپىسىنىڭمۇ كى-
چىكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا نېمىشقا ئۆزىنى
مۇنچە ئەرزىمەس ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى ھەم قورققىنىدىن
بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، «بەۋۇ... بۆەۋۇ!» دەپ توختىماي بەۋۋۈ-
لىگىلى تۇردى. ئۇ مۇشۇنداق بەۋۋۈلەپ بەرگەندە ئاندىن سەل يې-



ىنكلەپ قالغاندەك بولاتتى.

قوشۇن يىراقلاپ كۆزدىن يىتتى، ئاۋازىمۇ ئاڭلانماس بولدى. ئاپىسى جىممىدە بولۇپ قالدى، لېكىن بايىقى تەھلىكە كاللىسىنى چىرمەۋالغاچقا، بەمبى تېخىچىلا ئۆزۈك - ئۆزۈك تووۋلىماقتا ئىدى.

— ئەمدى بولدى، — دېدى ئاپىسى، — ئۇلار كەتتى.

— ھە، ئاپا، — سورىدى بەمبى بوش ئاۋازدا، — ئۇلار كىم؟

— ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنچىۋالا خەتەرلىكمۇ ئەمەس، — دېدى ئاپىسى، — ئۇلار ئىلگىرى تۇغقانلىرىمىز ئىدى... شۇنداق... ئۇلار بەك زور ھەم قالتىس... بىزدىنمۇ قالتىس...

— ئۇلار راستلا خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ — سورىدى بەمبى.

— ئادەتتە خەتەرلىك ئەمەس، — دېدى ئاپىسى چۈشەندۈرۈپ، — ئەلۋەتتە بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم. بەزىلەر ئۇنداق دېگەن، بەزىلەر مۇنداق، زادى قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەزەلدىن بىزگە ھەم تونۇشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ باقمىغان.

— ئۇلار تۇغقىنىمىز تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بىزگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولىدۇ؟ — بەمبى ئۆزىنى بېسىۋالماقچى بولسىمۇ، لېكىن بەدىنى يەنىلا تىترەشتىن توختىمىغانىدى.

— ھە، ئۇلار بىزگە چېقىلمايدۇ، — دېدى ئاپىسى، — لېكىن مەنمۇ نېمىشقىدۇر ئۇلارغا ئۇچرىسام، قورقۇم نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالىمەن. ھەر قېتىمدىلا شۇنداق.

ئاپىسى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن بەمبى كۆڭلى ئاستا ئورنىغا چۈشۈپ ئويغا پاتتى.

ئۇنىڭ قېشىدىكى ئالنۇس دەرىخى شېخىغا قونۇپ تۇرغان ئۆكە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماق بولۇپ ئېچىنىشلىق چىرقىرىدى. بۇ قېتىم بەمبى باشقا ئىشنى خىيال قىلىپ تۇرغانلىقتىن، يالغاندىن قورقۇپ بېرىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۆكە دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ:



— قورقۇپ كەتتىڭ - ھە؟ — دەپ سورىدى.

— قورقامدىكى، — دېدى بەمبى، — ھەر قېتىمدىلا مۇشۇنداق قورقۇتىۋېتىسەن.

ئۆكە مەغرۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن خاپا بولۇپ يۈرمە جۇمۇ، — دېدى ئۆكە، — مېنىڭ مىجەزىم شۇ، لېكىن كۆڭلۈمدە يامانلىق يوق، — ئۇ پەيلىرىنى ھۈرپەيتكەندى بەئەينى پەيدىن ياسالغان توپقىلا ئوخشاپ قالدى. ئاندىن تۇمشۇقىنى پەيلىرى ئارىسىغا تىقىپ ناھايىتى ئوماق، سەممىي قىياپەتكە كىردى. بۇ ئۇنىڭ خۇش بولۇپ كەتكەنلىكى ئىدى.

بەمبى ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىپ بەردى.

— سەن بىلمەيسەن قارا، — دېدى بەمبى، — بايا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتتىم.

— راستىما؟ — دېدى ئۆكە نارازى بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن بەمبى بايا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئىشىنى قوي، — دېدى ئۆكە غەلۋەرەپ، — تۇغقان دېگەن مەندىمۇ بار، بىراق كۈندۈزى سىرتقا چىقسىملا ئاتالمىش ئۇ تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ھۇجۇم قىلىشىدۇ. شۇڭلاشقا تۇغقان دېگەننىڭ نېمە كېرىكى، بىزدىن چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ، بىزدىن ئاجىز بولسا تېخىمۇ كېرىكى يوق دەيمەن. قېنى ئويلاپ باقمامسەن، ئۇلار بىزدىن زور بولسا، تەكەببۇرلۇقىغا قاراپ ئۇلارغا ئۆچلۈكىمىز كېلىدۇ. ئاجىز بولۇپ قالسا، ئۇلار بىزنى ياقتۇرمايدۇ، چۈنكى بىز ئۇلارغا ھاكاۋۇر كۆرۈنىمىز. ياق، ياق، ياق، مۇنداق ھېكايىلىرىڭىزنى ئەسلا ئاڭلىغۇم يوق.

— لېكىن... تۇغقانلىرىمنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيمەن... — دېدى بەمبى خىجىل بولۇپ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا يەنىلا بىر خىل تەقەززالىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، — بۇرۇن ئۇلارنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، بۈگۈن تۇنجى ئۇچرىتىشىم.

— ئۇ ئەبلەخلەرگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە، — دېدى ئۆكە نەسىھەت قىلىپ، — ماڭا ئىشەنگىن، — دېدى ئاندىن كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا تولغىغىنچە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، — راستىنىلا ئىشەنگىن، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ، تۇغقان دېگەن مەڭگۈ دوستتەك بولالمايدۇ. مانا ئىككىمىزنىڭ ھېچبىر تۇغقانچىلىقىمىز يوق، لېكىن يېقىن دوستلاردىنغۇ. مۇشۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە!

بەمبى يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئۆكە سۆز باشلىۋالدى:

— مۇنداق ئىشلاردا مەن بەك تەجرىبىلىك، لېكىن سەن تېخى ياش، شۇڭلاشقا ماڭا ئىشەن. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىممۇ تولا. بۇنى مۇنداقلا دەپ قويۇشۇم، ئائىلەڭلەرنىڭ ئىشىغا ئەسلا ئارىلاشقۇم يوق، — ئۆكە چوڭقۇر ئويلانغىنچە ھەممىنى بىلىدىغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى ئايلاندۇردى. بەمبى كەمتەرلىك قىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى.



# 7 ـ باب

يەنە بىر كېچە ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، سەھەردە ئىشىنىڭ چوڭى يۈز بەردى.

بۇ، شەبنەملەر يالتىراپ تۇرغان، ھاۋا شۇنچىلىك ساپ بىر ئەتىگىنى ئىدى. دەل ـ دەرەخ ۋە چاتقال يوپۇرماقلىرى چاچقان خۇش پۇراقلار بىلەن ئوتلاقتىكى خۇش پۇراقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.

چۇمچۇقلار ئويغىنىپ ئازراق ۋىچىرلاشتى ـ دە، ھاۋانىڭ تۇتۇق، گىرىمسەنلىكىنى كۆرۈشۈپ، بىردەمگىنە بىسقىپ قېلىشتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن كۆكتىن بىر قاغىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ جىمىلىقنى بۇزدى. شۇ ئان قاغىلارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ ئۆزئارا ئەھۋاللاشقىلى تۇرۇشتى. سېغىزخانلارمۇ «شاراق ـ شاراق، شاراق ـ شاراق... بىزنى تېخىچە ئۇخلاپ ياتىدۇ دەپ قالدىڭلارمۇ؟» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ئورمان ئىچىدە خىلمۇخىل ئاۋاز جور بولۇپ ئۇنلەشكىلى تۇردى. يېقىن ـ يىراقلاردا يەنە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇيقۇ ئارىلاش «چىر ـ چىر»، «چىك ـ چىك» قىلغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

تۇيۇقسىز بىر سېرىق تۇمشۇق تۇردۇس شەمشاد ئۇچىدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ ئېگىز بىر شاخقا قوندى ـ دە، پايانسىز شەرقتىكى ئۇيقۇچان ئۇپۇقنىڭ قىزىرىشقا باشلىغان ھۆسنىگە تىكىلگىنىچە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئاجايىپ جۇشقۇن ئۇنلەشكە باشلىدى. پەستە تۇرۇپ قارىماققا ئۇنىڭ قارا رەڭلىك بەدىنى ئاران بىر تال خازاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ياڭراق ئاۋازى ئورماننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى جىمى جانلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئەتراپ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن. تاغ تورغىيى، جىگدىچى ۋە سەۋەلەر بەس ـ بەستە غەزەلخانلىق قىلىشسا، كەپتەرلەر پالاق ـ پالاق قانات قېقىشىپ شوخ ئۇچۇشاتتى. قىرغاۋۇل يىرتىلىپ







كېتىدىغاندەك چىرقىراق ئاۋازدا سايرىغىلى-
چە دەرەخ شاخلىرىدىكى ئارامگاھىدىن ئەپ-
چىللىك بىلەن قانات قېقىپ يەرگە چۈشەتتى
- دە، بوشقىنا، ئەمما ياڭراق ئاۋازدا كۈ-
كۈلاپ كېتەتتى. ئېگىز كۆكتىن لاچىنىنىڭ چىرقىراق، ئەمما
خۇشال ئاۋازدا: «يا ــ يا ــ يا!» دەپ سايرىغىنى ئاڭلىناتتى.
كۈن تۇغۇلۇشقا باشلىدى.
«قىرىقۇۋ ــ قىرىقۇۋ!» دەپ شاختىن - شاخقا سەكرەپ سايراۋات-
قان سوپىيوپىياڭنىڭ سىرىق رەڭلىك دومىلاق تېنى تاڭ نۇرىدا بەئەينى
قاناتلىق ئالتۇن توپ جىلۋە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
بەمبى بۈگۈنمۇ ھېلىقى يوغان كاۋچۇك دەرىخى تۈۋىدىن
ئوتلاققا قەدەم قويدى. شەبنەملەر يالتىراپ تۇرغان ئوتلاق كۆپكۆك
ئوت - چۆپ، چىرايلىق گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ۋە تۇپراقنىڭ
نەم ھىدى ھەمدە تۇرلۇك - تۈمەن جان - جانىۋارنىڭ ئاۋازى بىلەن
تولغانىدى. ياۋا توشقان ئاغىنىسىمۇ شۇ يەردە ئولتۇرغانىكەن. تۇر-
قىدىن قانداقتۇر مۇھىم بىر مەسلىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاستا
كېتىپ بارغان ھاكاۋۇر بىر قىرغاۋۇل سۇلۇ باشاقلىرىنى چوقىلاپ
يېگەچ ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن قاراپ - قاراپ قويىاتتى. بويىنىدىكى
قېنىق كۆك رەڭ پەيلىرى كۈن نۇرىدا خۇددى قاشتاش تۇتۇلۇپ يا-
سالغان چەمبەردەك ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇراتتى.
ئالدى تەرەپتە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بەمبى ئەزەلدىن
ئۇچرىتىپ باقمىغان بىر ئەركەك بۇغا تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن چوڭ
تۇغقانلىرىنى تۇنجى قېتىم مۇشۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتا كۆرۈشى ئىدى.
بۇ بۇغا بەمبىنىڭ ئالدىدىكى ئورمان ياڭىقىنىڭ تېگىدە تۇرغان بولۇپ،
بەدىنىنىڭ يېرىمىنى شاخ توسۇۋالغانىدى. بەمبى ئۇ-
نىڭ تولۇق چىقىشىنى كۈتۈپ مىدىر - سىدىر قىلماي
قاراپ تۇردى. كۆڭلىدە بولسا يېنىغا بېرىپ ئەھ-
ۋاللاشسام قانداق بولار دېگەن ئوي كەچمەكتە ئە-





دى. شۇنىڭ بىلەن ئاپىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن سوراپ باقماقچى بول-
دى. لېكىن ئاپىسى يىراققا كەتكەن، شۇ تاپتا ئانىنا كىچىك ئاپىسىنىڭ
قېشىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا گېيىر بىلەن فالىنەمۇ دەرەخلەر ئارىسىدىن
چىقىپ ئوتلاققا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بەمبى بولسا، ھازىر ئاپامنىڭ قې-
شىغا بارىمەن دېسەم شاھزادىنىڭ قېشىدىن ئۆتمەي بولمايدۇ، بۇ ئە-
دەپسىزلىك بولۇپ قالارمۇ دېگەنلەرنى ئويلىغىنىچە تېخىچىلا جىمجىت
تۇراتتى. ھەي! مۇشۇنىمۇ ئاپامدىن سوراپ يۈرەمدىمەن، ئالدىنقى قې-
تىممۇ بۇغا شاھ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئاپامغا دەپ يۈرمىدىمغۇ. بولدىلا،
ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋېرەي. ئاپاملار يىراقتا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن پا-
راڭلاشقىنىمنى بەرىبىر كۆرۈپ تۇرىدىغۇ. ئالدىغا بېرىپ: «ئەتىگەنلە-
كىڭىز خەيرلىك بولسۇن، شاھزادەم!» دېسەم مېنىڭچە ئۇ خاپا بولۇپ
كەتمەيدۇ. ناۋادا خاپا بولۇپ كەتسە، دەرھال كېتىمەن. بەمبى شۇلارنى
ئويلىغىنى بىلەن يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى.

بۇ چاغدا شاھزادە دەرەخ ئاستىدىن چىقىپ ئوتلاققا قەدەم قويدى.

ئەمدى... دەپ ئويلىدى بەمبى.

تۇيۇقسىز گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.



بەمبى زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قاتتىق قورقۇپ كەتتى.

شاھزادە ئۇنىڭ قېشىدىن سۈركىشىپ دىگۈدەك سەكرەپ ئۆتتى ـ دە، ھايت ـ ھۇيت دىگۇچە ئورمانغا كىرىپ كەتتى.

بەمبى ئەتراپىغا ئالاق ـ جالاق قارىماقتا، گۈلدۈرمامدەك ئاۋاز يەنە ياڭرىماقتا ئىدى. ئۇدۇلدا تۇرغان ئاپىسى، ئاننا چوڭ ئاپىسى، گېبىر ۋە فالىنەلەرمۇ ئورمانغا قېچىپ كىرىپ كەتتى، توشقان ئاغىنىسمۇ ئالاقزەدە بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. قىرغاۋۇلمۇ بوينىنى سوزغىنىچە ھاسراپ يۈگۈرمەكتە، ئورماندىكى قۇشلارمۇ جىمىدە بولۇپ قېلىشقان. شۇنىڭ بىلەن بەمبىمۇ ئورمانغا قېچىپ كىرىۋالدى.



ئورماندا بىرنەچچە قەدەم چاپا ـ چاپمايلا ئالدىدا شاھزادىنىڭ نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ ئۆتەر يولىدا جىمجىت ياتقىنىنى كۆردى ـ دە، قورققىنىدىن تۇرۇپلا قالدى. شاھزادە ئۆلگەن، مۈرىسىدىكى يوغان يارا ئېغىزىدىن قان ئېقىۋاتاتتى.



— بۇ يەردە تۇرما! — قېشىدا كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. ئاپىسى ئىكەن، ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن قاچماقتا ئىدى، — تېز قاچ! — دەپ ۋارقىرىدى ئاپىسى، — قاچ دەۋاتىمەن، تېز قاچ! — ئاپىسى قەدىمىنى توختاتماي، ئۇقتەك يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئاپىسىنىڭ يېتەكلىشىدە بەمبىمۇ بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاچتى.

— ئاپا، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى بەمبى، — ئاپا دىگىنە، بايىقى زادى نېمە ئىش ئۇ؟

— ئاپىسى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە جاۋاب بەردى:



— «ئۇ»... «ئۇ»نىڭ قىلغان ئىشى!

بەمبىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇلار تاكى ھاسراپ دەم ئالالماي قالغۇچە توختىماي يۈگۈردى.

— نېمە دېيىشتىڭلار؟ بايا نېمە دېيىشكىنىڭلارنى دەپ بې-رىڭلارچۇ، — دېدى ئىنچىكە بىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ. بەمبى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، تىيىننىڭ دەرەخ شېخىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— مەنمۇ سىلەرگە ئەگىشىپ قېچىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، — ھەي، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

— بايا سەنمۇ بارمىتىڭ؟ — سورىدى ئاپىسى.

— بار بولمامدىكى، — دېدى تىيىن، — تېخىچە يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكىنى يوق، — ئۇ تىكلىنىپ چىرايلىق يوغان قۇيرۇقىغا يۆلەنگىنى-چە ئاپپاق مەيدىسىنى كېرىپ، قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويدى، — بەكلا قورقۇپ كېتىپتىمەن.

— مەنمۇ قورقۇپ غال - غال تىترەپ كەتتىم، — دېدى بەمبى-نىڭ ئاپىسى، — ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، بايا ھېچ ئىش بولمايدى-



غاندەكلا بىلىنگەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى تېيىن ھاياجانلىنىپ، — ئۇنداق بولسا خاتالاشىپسىز، مەن ئاللىبۇرۇن «ئۇ»نى كۆرۈپ بولغان!

— مەنمۇ شۇ! — يەنە بىر ئاۋازمۇ ۋارقىرىدى. بۇ سېغىزخان ئىكەن. ئۇ ئۇچۇپ كەلگىنىچە بىر شاخقا كېلىپ قوندى.

— مەنمۇ كۆرگەن! — دېدى تېخىمۇ ئېگىزدىن بىر ئاۋاز. بۇ ئالا قاغا ئىدى. ئۇ، ئەرمۇدۇن دەرىخىگە قونۇۋېلىپ قىرقىرداماقتا ئىدى.

ئېگىز بىر دەرەخكە قونۇۋېلىشقان بىرنەچچە قارا قاغىمۇ ھاسىراپ - ھۆمۇدەشكىنىچە:

— بىزمۇ ئۇنى كۆرگەن، — دېيىشتى.

ئۇلار چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئىشنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. ھەممىسىنىڭلا چىرايىدىن ئاز - تولا جىددىيچىلىك، غەزەپ ۋە ئەنسىزچىلىك چىقىپ تۇراتتى.

«ئۇ» دېگىنى زادى كىمۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆرگىنى زادى كىمدۇ؟ دەپ ئويلىدى بەمبى.

— بىچارە شاھزادىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلمىغىنىم قالمىدى، — دېدى تېيىن قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە.

— مەنمۇ توختىماي قىرقىراپ باقتىم! — دېدى ئالا قاغىمۇ، — لېكىن ئۇنىڭ زادىلا كارى بولمىدى.



— ئۇ مېنىڭمۇ ئاۋازىمغا قۇلاق سالمىدى، — دېدى سېغىزخان شاراقلاپ، — ئاز دېگەندىمۇ ئون قېتىم چاقىرغاندىمەن. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئالدىدا، ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىدى، ئالدىدىكى ياڭاق دەرىخىگە ئۇچۇپ بارسام ئاندىن ئاۋازىمنى ئاڭلىيالايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن دەل شۇ چاغدا بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى.

— مېنىڭ ئاۋازىم سىلەرنىڭكىدىن ياڭراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن شۇنچە ئەسكەرتىش بەردىم، — دېدى



بىر قارا قاغا ئاغ-
رىنغان تەلەپپۇزدا، — لېكىن
بۇ ئېسىلزادە ئەپەندى بىزدەك شۇم-
تەكلەرنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمايدىكەن.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، بىز بىلەن
كارى بولمايتتى، — دېدى تىيىنمۇ ئۇ-
نىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باق-
تۇق، — دېدى سېغىزخان ئۆز قارىشىنى سۆزلەپ، — شۇڭا
بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدە ھېچقانداق قەرزىمىز يوق.

— ئۇ بەك قاملاشقان شاھزادە ئىدى، — دېدى تىيىن
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۆزىنىڭمۇ تازا كۆچىگە تولغان
مەزگىلى ئىدى.

— ھەي! — دېدى ئالا قاغا، — ئۇ مۇنچىۋالا تەكەببۇرلۇق
قىلماي گېپىمىزگە قۇلاق سالسا، ئامان قالاتتى!

— ئەمەلىيەتتە ئۇ تەكەببۇر ئەمەس! — دېدى تىيىن قارشى
چىقىپ.

— ئەلۋەتتە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى باشقا شاھزادىلەر-
دەك ئۇنچىۋالا تەكەببۇر ئەمەس، — دېدى سې-
غىزخان گەپكە ئارىلىشىپ.

— ھەي ئىست، بەك دۆتلۈك
قىلدى! — دېدى ئالا قاغا «قىراق - قىراق»



دەپ كۈلگىنىچە.

— ئۆزۈڭ دۆت! — قارا قاغا دەرەخنىڭ ئۈچىدا تۇرۇپ پەسكە ۋارقىرىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن دۆت ـ پۆت دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما. سېنىڭ قانچىلىك دۆت ئىكەنلىكىڭنى پۈتكۈل ئورمان ئەھلى بىلىدۇ جۇمۇ.

— مېنى دەۋاتامسەن؟ — ئالا قاغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، — ھېچكىم مېنى دۆت دەپ باقمىغان. ئەستە تۇتۇشۇمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگۇ راست، ئەمما ھەرگىز دۆت ئەمەسمەن.

— ئىختىيارىڭ، — دېدى قارا قاغا ئەستايىدىل بولۇپ، — باياقى گېپىمنى ئۇنتۇپ كەتسەڭمۇ كەت، لېكىن شۇ گەپ ئېسىڭدە بولسۇنكى، شاھزادە ھەرگىزمۇ تەكەببۇر ياكى دۆت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتمىدى، بەلكى يۈگۈرۈكلۈكىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولدى.

— ھەي! — دېدى ئالا قاغا ۋارقىراپ، — مېنىڭ بۇنداق ئىشلارنى تالىشىپ ئولتۇرغۇم يوق، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كەتتى.

قارا قاغا گېپىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى:

— بىزنىڭ جەمەتىمىزدىنمۇ نۇرغۇنى ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن. ئۇ نەرسە كىمنى ئۆلتۈرگۈسى كەلسە شۇنى ئۆلتۈرىدۇ، بىزدەكلەرنى ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.



— كۆپچىلىك، ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرايلى، — دېدى سېغىزخان قوشۇمچە قىلىپ.

— شۇنداق، ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ، — دېدى قارا قاغا ئازابلانغان ھالدا، — ئەمسە خەير خوش، — ئۇ ئۇچۇپ كەتتى. يەنە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن سېغىزخانمۇ بىللە ئۇچۇپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا بەمبى ئەتراپىغا قاراپ، ئاپىسىنىڭمۇ يوق تۇرغانلىقىنى بىلدى.





«ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئۇلار زادى نېمىنى تالىشىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى بەمبى، — ‹ئۇ› دېگىنى كىمكىنە؟... مەنغۇ چاتقاللىق ئارىسىدا ئاپام ‹ئۇ› دېگەن ھېلىقى بىرىنى كۆرگەن... لېكىن ‹ئۇ› مېنى ئۆلتۈرگىنى يوق...»

بەمبى بايامقى مۈرىسىدىن قان ئېقىپ ياتقان شاھزادىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ھازىر ئۆلۈپ بولدى. بەمبى ئالدىغا مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئورماندا تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار يەنە كۈي كۈيلەشنى باشلىۋەتكەن، كۈچلۈك ئاپتاپ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشۈپ ھەممە يەرنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەن، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن خۇش پۇراقلار چېچىلىشقا باشلىغانىدى. ئېگىز كۆكتىن لاچىنىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى كەلسە، يان تەرەپتىن تۆمۈرتۈمشۇقنىڭ خۇددى بايا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك قىقىلاپ كۈلۈشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەمبى كۆڭلىنى قارا سايە بېسىپ تۇرغاندەك زادىلا خۇشال بولالمىدى. ھايات مۇشۇنچىلىك جاپالىق، مۇشۇنچىۋالا خەتەرلىك تۇرسا، بۇ خەقنىڭ يەنە نېمىشقا مۇنچە غەمسىز يۈرىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ داۋاملىق مېڭىش، ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىغۇسى كەلمىدى. ئۇ، ئورماننىڭ ئەڭ قويۇق يېرىدىن خىلۋەت بىر بۇلۇڭنى تاپماقچى. ئۇ جاينىڭ ئەتراپىنى دەرەخلەر قاپلاپ تۇرغان، شۇڭا ھېچكىم بايقىيالمايدۇ. ئۇتلاققا ئەمدى ھەرگىز بارغۇسى يوق.

ياندىكى بىر چاتقاللىق يېنىك تەۋرەنگەندى، بەمبى قورققىنىدىن سەكرەپ كەتتى. شۇ ئان قېرى بۇغا شاھ پەيدا بولدى.

بەمبىنىڭ يۈرىكى دۈپ - دۈپ سوقۇپ قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۆزىگە ھاي بېرىپ جىممىدە تۇرۇۋالدى. بۇغا شاھ يوغان ھەم سۈرلۈك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە:

— بايا سەنمۇ ئاشۇ يەردىمىتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى بەمبى بوش

ئاۋازدا. جىددىيلەشكىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپلا قالغانىدى.

— ئاپاڭچۇ؟ — سورىدى بۇغا شاھ.

— بىلمەيمەن، — دېدى بەمبى داۋاملىق بوش ئاۋازدا.

— نېمىشقا ئۇنى چاقىرمايسەن؟ — دېدى بۇغا شاھ ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

بەمبى بۇغا شاھنىڭ سۈلكەتلىك كۆكۈچ چىرايىدىن تاكى ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزىگىچە ھۆرمەت بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى ـ دە:

— ئەمدى ئۆزۈم يالغۇز ياشيالايدىغان بولدۇم، — دېدى.

بۇغا شاھ ئۇنىڭغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ھېلىقى ئاپام، ئاپام دەپ يىغلايدىغان بالا سەنمۇ؟

بەمبى خىجىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن پېتىدىن چۈشمىدى.



— ھەئە، مەن شۇ، — دېدى ئۇ ئېتىراپ قىلىپ.

بۇغا شاھ ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ تۇراتتى. بەمبىگە بۇ كۆزلەر بۇرۇنقىدىن مۇلايىملىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئۇ چاغدا سىز مېنى يالغۇز يۈرسەڭ نېمە بوپتۇ دەپ ئەيىبلىگەنىدىڭىز، — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز، — شۇنىڭدىن باشلاپ يالغۇز يۈرەلەيدىغان بولدۇم.

بۇغا شاھ بەمبىنىڭ بەستىگە قاراپ باشقىلار بايقىيالمىغۇدەك سۇس كۈلۈمسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەمبى بۇنى بىلىۋالدى.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، — دېدى ئۇ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، — بايا نېمە ئىش بولدى؟ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ھېچ چۈشەنمىدىم... «ئۇ»، «ئۇ» دېگىنى... — بۇغا شاھنىڭ قاراشلىرىدىن ئەيمەنگەن بەمبى دەرھال گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى بۇغا شاھنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىدىن گېپىڭنى توختات دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن بۇغا شاھنىڭ كۆزلىرى بەمبىدىن يىراقلارغا يۆتكەلدى ۋە ۋەزمىن ئاھاڭدا:

— ئۆزۈڭ ئاڭلاپ، ئۆزۈڭ پۇراپ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ، ئۆزۈڭ ئۆگەن، — دېدى. ئاندىن مۇڭگۈزلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، — خەير - خوش، — شۇنداق دېدى - دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بەمبى مەيۈسلەنگىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇۋېلا قالدى. لېكىن بۇغا شاھنىڭ «خەير خوش» دېگىنى تېخىچىلا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. «خەير خوش» دېگىنىگە قارىغاندا، بۇغا شاھ ئۇنىڭدىن رەنجىمىگەن.

بەمبىنىڭ قەلبى چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ۋە رىغبەت بىلەن تولدى. شۇنداق، ھايات جاپا - مۇشەققەت، خېيىم - خەتەرگە تولغان، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

بەمبى شۇلارنى ئويلىغىنىچە ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.



## 8 ـ باب

باشقا دەرەخلەرگە ئوخشاش ئوتلاق يېنىدىكى ئېگىز كاۋچۇك دەرىخىنىڭمۇ يوپۇرماقلىرى تۆگەپ، پەقەت توم بىر شېخىنىڭ ئوتلاق تەرەپكە سوزۇلغان ئەڭ چەتتىكى بىر تال ئۇچىدىلا ئىككى تال يوپۇرماق قېپقالغانىدى.

— بۇرۇنقى ئىسكەتىمىز قالمىدى، — دېدى بىر يوپۇرماق.

— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى يەنە بىر يوپۇرماق، — بۈگۈن ئاخشام يەنە نۇرغۇن ھەمراھتىن ئايرىلدۇق... بىلشىمچە ئىككىمىز مۇشۇ دەرەختە قېپ قالغان ئەڭ ئاخىرقىسى.

— ھەي، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى بىرىنچى يوپۇرماق، — ئاۋۋالقى كۈنلەر شۇنداق ئىسسىق ئىدى. بىراق تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، جۇدۇن بولۇپ، نۇرغۇن ھەمراھىمىز ياش تۇرۇپلا شاختىن ئايرىلدى. ئەمدى نۆۋەت كىمگە كەلدى كىم بىلىدۇ دەيسەن.



— ھازىر كۈنىنىڭ جامالىنى كۆرمەكمۇ تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى ئىككىنچى يوپۇرماق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئىسسىقى قالمىدى.

— راست ـ يالغانلىقىغا مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى

بىرىنچى يوپۇرماق ئۆز قارىشىنى سۆزلەپ، ــ بىز چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىمىزغا باشقا يوپۇرماقلار ئۈنۈپ چىقارمىش، ئاندىن ئۇلارمۇ چۈشۈپ كېتىپ يەنە يېڭى يوپۇرماق ئۈنەرمىش. مۇشۇنداق داۋام ئېتىۋېرەرمىش...

ــ مېنىڭچىمۇ شۇنداق، ــ دېدى ئىككىنچى يوپۇرماق بوش ئاۋازدا، ــ بۇ ئىشلارنى بىلىپ بولمايدۇ... بىز تېگىگە يېتىپ بولالمايمىز...

ــ ئەجەب كۆڭلۈم يېرىم بولدا، ــ دېدى بىرىنچى يوپۇرماق.

ئۇلار بىردەم جىمىپ كېتىشتى. ئاندىن يەنە بىر يوپۇرماق ئۆز ـ ئۆزىگە: «نېمىشقا چۈشۈپ كەتمىسەك بولمايدىكىنە...» دەپ پىچىرلىدى.

ــ شاختىن چۈشۈپ كەتسەك قانداق بولىدىغاندۇ؟ ــ سورىدى ئىككىنچى يوپۇرماق.

ــ يەرگە تۆكۈلىمىز شۇ...

ــ يەرگە تۆكۈلسەك قانداق بولىدۇ؟

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن، ــ دېدى بىرىنچى يوپۇرماق، ــ بەزىلەر ئۇنداق دەيدىكەن، بەزىلەر مۇنداق... قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ــ يەرگە تۆكۈلگەندىن كېيىنمۇ بىر ئىشلارنى بىلىپ تۇرارمىزمۇ؟ مۇشۇ توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىڭ بارمۇ؟

ــ بۇنى كىم دەپ بېرەلەيدۇ. يەرگە چۈشكەن خازانلاردىن شاخقا قايتىپ چىقىپ، بولۇنغان ئىشلارنى دەپ بېرەلەيدىغان بىرەرسى چىققىنى يوق.

ئۇلار يەنە جىممىدە بولۇپ قېلىشتى. بىردەمدىن كېيىن بىرىنچى يوپۇرماق ئىككىنچى يوپۇرماققا:

ــ ئۇنچىۋالا غەم قىلىشىڭ نېمە ھاجىتى، قارىغىنا تىترەشلىرىڭگە، ــ دېدى.

ــ ئامال قانچە، ــ دېدى ئىككىنچى يوپۇرماق، ــ ھازىر ئاز-

راقلا قىمىرلاپ قويسام تىترەپ كېتىدىغان بولدۇم. ئىشقىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغانغا ئاز قالغاندەكلا.

— ئەمدى بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلىچۇ، — دېدى بىرىنچى يوپۇرماق.

— پاراڭلاشمىساق پاراڭلاشمىدۇق... — دېدى يەنە بىرى، — ئىختىيار ئۆزۈڭدە... لېكىن... ئەمدى پاراڭلاشقۇدەك نېمە بار؟ — ئۇ بىردەم جىممىدە تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى ئۇلىدى، — ئىككىمىزدىن قايسىمىز ئاۋۋال چۈشۈپ كېتىمىزكىن؟...

— بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز دېسەك، كېيىنچە ۋاقىت كۆپ چىقىدۇ، — دېدى بىرىنچى يوپۇرماق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — ھازىر ئەڭ ياخشىسى بۇرۇنقى كۈنلىرىمىزنىڭ قانچىلىك قالتىس ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەيلى! كۈن چىقسا بەدىنىمىز ئىللىپ كۈچ - غەيرەتكە تولاتتۇق. ئېسىڭدىمۇ؟ ھېلىقى ئەتىگەندىكى شەبنەملەر... شۇنچىلىك سۈزۈك، تېپتىنچ كېچە...

— ھازىرقى كېچىلەر بەك قورقۇنچلۇق، — دېدى ئىككىنچى يوپۇرماق ئاھ ئۇرۇپ، — ئۇزاقلىقىچۇ تېخى.

— بولدىلا، ئاغرىنمايلىچۇ، — دېدى يەنە بىرى، — باشقا ھەمراھلىرىمىزغا باققاندا خېلى ئۇزاق ياشىدۇققۇ.

— تۇرقۇم بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپتىمۇ؟ — ئىككىنچى يوپۇرماق ئوڭايسىزلانغىنىچە دەرھال سورىدى.

— ياق، — دېدى يەنە بىرى كېپىللىك بېرىپ، — مېنىڭ سارغىيىپ، سەتلىشىپ كەتكىنىمگە قاراپلا شۇنداق دەۋاتىسەن. ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ئەھۋالىم سېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئىككىنچى يوپۇرماق ئىشەنمىگەن ھالدا.

— ياق، راستتىنلا ئۆزگەرمەپسەن، — دېدى يەنە بىرى بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ، — ماڭا ئىشەنسەڭ بولىدۇ! سەن بۇرۇنقىدەكلا گۈزەل. بەدىنىڭنىڭ ئايرىم



جايلىرىدا ئۈنچىكە سىرىق سىزىقچە پەيدا بولغان بولسىمۇ، كۆزگە چېلىقمايدۇ، سىنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. گېپىمگە ئىشەن!

— رەھمەت ساڭا، — دېدى ئىككىنچى يوپۇرماق تەسىرلەنگىنىدىن بوشقىنا سۆزلەپ، — مەن... گېپىڭگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ... ئەمما ساڭا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى سەن بەك ئاق كۆڭۈل... ھەقىقەتەن يېقىن دوستۇم... مانا ئاخىر سېنىڭ قانچىلىك ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ يەتتىم.

— بولدى، دېمەيلا قوي، — يەنە بىرى شۇنداق دېدى - دە، جىمىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئازابتىن گەپ قىلالماي قالغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى تال يوپۇرماق لام - جىم دېمەي تۇرۇپ قېلىشتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن نەمخۇش بوران بۇ شاخقا رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇلدى.

— ئاھ... ئەمدى... — ئىككىنچى يوپۇرماق ئېغىز ئاچتى، — ... مەن... — شۇنداق دەپلا ئاۋازى ئۈچتى - دە، شاختىن ئاستا ئاجراپ، يەرگە لەپەڭشىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

قىش يېتىپ كەلگەنىدى.



# 9 ـ باب

بەمبى دۇنيانىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقىدى، لېكىن ئۇ بۇ خىل دۇنياغا بەك تەستە ماسلاشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باياشاتچىلىقتا ئۆتكەن بولسا، مانا ئەمدى غۇربەت كۈنلەر باشلانغانىدى. شۇنداقتىمۇ بەمبى باياشات تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەچكە، ھەممە يەر مولچىلىق، ئەتراپتىن نېمە يەيمەن دېسە شۇ تېپىلىدۇ، ھېلىقى سايىۋەن ئۇۋامدا ئۇيقۇمنى ئۇخلاپ ئۆتتۈۋېرىمەن، ئۇ يەرگە ھېچكىم كىرەلمەيدۇ، پۇزۇر قىزىل كىيىمىم بىلەن داۋاملىق سىرتلارنى ئايلىنىپ يۈرىمەن، دەپ ئويلايتتى.

مانا ئەمدى ھەممە بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بەدىنىگە بۇ ئۆزگىرىشلەر قىزىقارلىق تۇيۇلماقتا ئىدى. بولۇپمۇ سەھەردە



ئوتلاقتىكى سۈت رەڭ تۇمان تەسىرىدىن پەيدا بولغان قىرووۋلارنىڭ
كۆن چىقىشى بىلەنلا ئېرىشى ئۇنى بەك خۇش قىلىۋېتەتتى. بىر مەز-
گىل ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك تۇغقانلىرى بولغان مۆڭگۈزلۈك بۇغىلارنىڭ
يۆتكۈل ئورماننى چاڭ كەلتۈرۈپ بەۋۋۈلەشلىرى ئۇنى مەپتۇن قىلى-
ۋالغانىدى. ھەر قېتىم بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىغاندا ئۇ قورقۇش ھەم
قايىللىق ئىچىدە يۈرىكى دۈپ - دۈپ سالغىنىچە زەن قويۇپ تىڭ-
شاپ كېتەتتى. ھېلىمۇ ئېسىدە، بۇ بۇغىلارنىڭ ھەممىسىلا يوغان
مۆڭگۈزلۈك، مۆڭگۈزلىرى دەرەخ شېخىدەك توم، يەنە نۇرغۇن كە-
چىك ئاچىماقلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ بەمبىگە خۇددى
ئاشۇ مۆڭگۈزلىرىدەك ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۇيۇلاتتى. شۇڭلاشقا
چەكسىز سۈر - ھەيۋىگە ئىگە بۇ ئاۋاز ئاڭلانغان ھامان ئۇ جىممىدە
تۇرۇپ قۇلاق سالاتتى.
بەمبى ئاشۇ ۋەزمىن نەرىدىن بۇغىلارنىڭ كۈچلۈك ئىنتىزارلىقى،
ئالبىجاناب قانىنىڭ مەۋج ئۇرۇشى، بىر خىل تۇغما ھاياجاندىن ئېتىلىپ
چىققان ئارزۇ - ئارمان، غەزەپ ۋە مەردانىلىكنى ھېس قىلىپ تۇراتت-
تى. بەمبى تالاي قېتىم ئۆزىدىكى قورقۇنچنى بېسىۋالىمەن دېگەن
بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىسىلا يەنە ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ،
ۋەھىمىگە چۈشەتتى. بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق قالتىس ئۇرۇق - تۇغ-





قانلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن قەلبىدە ئېيتقىلى بولمايدىغان تومان پەيدا بولاتتى. چۈنكى ئۇلارغا ئەسلا يېقىنلاشقىلى بولمايتتى. بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا خورلۇق ۋە ئازاب تۇيۇلاتتى ھەم بۇنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلمەيتتى. شۇنداق، بۇ نۇقتىنى ئۇ ئەزەلدىن چۈشىنىپ يېتەلىگەن ئەمەس.

بۇغىلارنىڭ جۇپلىشىش مەزگىلى ئۆتۈپ ئەسەبىيلەرچە مۆرەشلىرىمۇ تىنچىغاندىن كېيىنلا بەمبىنىڭ دىققىتى يەنە باشقا نەرسىلەرگە بۇرالغانىدى. كېچىلەردە ئورماندا ماڭ-غان ياكى كۈندۈزى ئۆز ئۆيىدە جىمجىت ياتقان مەزگىللىرىدە دە-رەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاپ تۆكۈلگىنىنى تىڭشايتتى. يوپۇر-ماقلار شاخلاردىن ئۈزۈلۈپ كۆكتە لەرزان لەپەڭشىپ، چۈچۈك ئاۋاز چىقارغىنىچە يەرگە چۈشۈشەتتى. كۈندە ئاشۇ يوپۇرماقلارنىڭ شىلدى-رى بىلەن ئويغىنىپ، يەنە شۇلارنىڭ سىرلىق پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلى-غانچە ئۇيقۇغا كېتىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە. ئۇزاق ئۆتمەي يەر قىلىن غازانلار بىلەن تولدى، شۇنداق يۇمشاق، ماڭسا شاراق - شۇرۇق، شىلدىر - شىلدىر ئاۋاز چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنچىلىك پەيزى. قات - قات دۆۋىلىنىپ كەتكەن خازانلارنى دەسسىگەندە خازانلار-نىڭ ئىككى ياققا سۇرۇلۇشىدىن چىققان شىرت - شىرت ئاۋازمۇ شۇنچىلىك لەرزان ھەم يېقىملىق. بۇنداق كۈنلەردە كۆپچىلىك تىڭشاپ ياكى پۇراپ يۇرمەيمۇ يىراقتىكى جىمى ئىشلارنى بىلىپ تۇرالايدۇ. خازانلارغا مەيلى نېمىلا يولۇقسۇن، شۇ ھامان شىرت - شىرت ئاۋاز چىقىرىدۇ! شۇنداق تۇرسا ئۇلارنىڭ قېشىدىن كىممۇ تىۋىش چىقارماي ئۆتەلىسۇن دەيسىز.

لېكىن بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا يامغۇر پەسلى باشلىنىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە شارىلداپ يامغۇر توختىمايدۇ. كەچتىن يەنە ئەتىسى سە-ھەرگىچە شار - شار. بەزىدە بىردەم جىمىقىپ قالىدۇ - دە، ھايال ئۆتمەيلا يەنە يېغىشقا باشلايدۇ. ھاۋا سوغۇق ھور بىلەن تولغان، دۇنيامۇ ھەم سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇلغاندەكلا. بەزىدە ئازراق

چۆپ يەپ بولغۇچىلا ئېغىز سۇغا توشۇپ كەتكەن، چاتقاللارغا تېگىپ
بولغۇچە شۇر ـ شۇر سۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان. غازانلارمۇ چۆپ ـ چۆپ
يۇمشاپ شىلدىرلىماس بولۇپ يەرگە چاپلىشىپ ياتقان. بەمبىنىڭ
مۇنداق ئۇسال ھاۋانى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. يامغۇر كېچەيۇ-
كۈندۈز توختىماي، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۇزايى چىلىق ـ چىلىق بولۇپ
كەتكەنىدى. گەرچە ئۇ سوغۇقتىن تىترەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما
كۈندىلا مۇشۇنداق ھۆل بولۇپ يۈرۈۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي
قالغانلىقتىن ئىسسىنىشقا بەكمۇ موھتاج ئىدى.
كېيىنكى كۈنلەردە شىمال شاملى چىقىشقا باشلاپ بەمبىگە قىش-
نىڭ تەمىنى تېتىتتى. ئاپىسىغا چىڭ چاپلىشىۋېلىشمۇ ئانچە كار قىلىپ
كەتمىدى. ئەلۋەتتە دەسلەپ ياتقاندا بىر تەرىپى بولسىمۇ ئىسسىق
تۇرغاچقا خېلى راھەت سەزدى. لېكىن ئەسەبىي بوران خۇددى پۈتكۈل
ئورماننى قومۇرۇپ كېتىدىغاندەك ياكى ۋەيران قىلىۋېتىدىغاندەك
كېچە ـ كۈندۈز توختىماي چىقماقتا، قانداقتۇر بىر خىل مۇدھىش سو-
غۇق يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قەددى پۈكۈلمى-
مۇ يەنىلا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە، بوران بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشماقتا.
ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئىڭراشلىرى،
غىچىر ـ غىچىر قىلىپ ئۇھسىنىش-
لىرى، توم شاخلار يېرىلغان چاغ-
دىكى تاراس ـ تۇرۇسلار، غولى
سۇنغاندىكى غەزەپلىك



گۈلدۈر ـ قاراسلار ھەمدە ئاستا ئۆلۈۋاتـقان دەرەخلەرنـىڭ ئاداققى نىدالىرى زەرب بىلەن ئۇرۇلغان بورانىڭ دەھشەتلىك نـەرە تارتىشى بىلەن ئاڭلانماي قالاتتى.

كۆلپەتلىك كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بەمبىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ بولدى. شىددەتلىك يامغۇر بىلەن ئەسەبىي بوران ھەممىنى ئۆزگەرتـە-ۋەتكەن، دەرەخلەردە بىر تال يوپۇرماقمۇ قالمىغانىدى. تاقىر بولـۇپ قالغان دەل ـ دەرەخلەر قوڭۇر رەڭلىك قاقشال شاخلىرىنى ئىلاجسىز-لىق ئىچىدە كۆككە سوزۇپ تۇرۇشاتتى. ئوتـلاقتىكى ئوت ـ چۆپلـەر قۇرۇپ، خۇددى كۆيدۈرۈۋېتىلگەندەك قىسقىلا بولۇپ قالغان. ھەتتـا ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىمۇ بەك سوغۇق، غېرىبانە تـۇيۇلىدىـغان بولدى. ئـەتى-راپتىكى يېشىللىق يوقىغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ بىخەتەرلـىكى تۈگـەپ، غۇرقىراپ شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى گۆدەك بىر سىغىزخان ئوتلاقتا ئۇچـۇۋېتىپ تـۇيۇقسىـز ئاپپاق، مۇزدەك بىر نەرسە كۆزىگە كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا يەنە بىر تال، يەنە بىر تالدىن ئۇنىڭ يۈزىگە يېنـىككىنـە ئۇرۇلۇشقا باشلىـدى. كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان ئاق توزۇندىلار ئۇنى ئايلىنىپ لـەرزان ئۇسسۇل ئويناشقىلى تۇردى. سىغىزخان جايىدىلا قانات قېقىپ ئـۇدۇل ئاسمانغا قاراپ تىك ئۇچۇشقا بـاشلىدى. بـىراق ئۇنـىڭ شۇنچە ئـۇرۇ-نۇشلىرى بىكار كەتتى، ھېلىقى ئاق رەڭلىك مۇزدەك توزۇندى يەنە ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى تىكلەپ تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇپ چىقماقچى بولدى.



ـــ بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىسەن قەدىرلىكىم، ـــ دېدى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان بىر قاغا، ـــ ھەرقانچە كۈچىسەڭمۇ بۇ ئاق توزۇندىلاردىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلمەيسەن. بۇ دېگەن قار.

ـــ قار؟ ـــ سورىدى ھەيران قالغان سىغىزخان قار بـى-لەن ئېلىشقاچ.

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى قاغا، ـــ قىش كەلدى، ئەمدى قار ياغىدۇ.

— كەچۇرۇڭ، — دېدى سېغىزخان، — بەشىنچى ئايدا ئاران ئۈۋامدىن ئايرىلغان، شۇڭا قىش دېگەننى زادىلا چۈشەنمەيمەن.

— راست، سەندەك چۈشەنمەيدىغانلارمۇ بار، — قاغا يەنە مۇنۇنى قوشۇمچە قىلدى، — لېكىن ئۇنى تېزلا چۈشىنىدىغان بولۇپ قالىسەن.

— ھە قار ئىكەندە بۇ، ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دېدى سېغىزخان، — بىردەم ئولتۇرۇۋالايچۇ، — ئۇ بىر بۇزۇن دەرىخىنىڭ شېخىغا قونۇپ بەدىنىدىكى قارلارنى قېقىشقا باشلىدى.

قاغا قىينالغىنىچە ئۇچۇپ كەتتى.

قار يېغىي ياغقانىدا لەرزان لەيلەپ چۈشۈۋاتقان ئاپپاق قار ۋە جىمجىت، ئىللىق ھاۋادىن دۇنيا باشقىچىلا يېقىملىق بىلىنىپ، بەمبىنى بەك خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئەتراپ تېخىمۇ يورۇپ سۈزۈكلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، بولۇپمۇ كۆن بىردەمگىنە جامالىنى ئاچ-



قاندا ھەممە يەر كۆمۈشتەك پارقىراپ كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى.

ئۈزاق ئۆتمەي ئۇ قار ياغسا يېگىلى ئوت ـ چۆپ تېپىش تەسلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇش بولمايدىغان بولدى. قارلارنى شۇنچە كۆچەپ ئېچىپ ئاران دېگەندە كىچىككىنە قۇرۇق چۆپ تاپقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار كاللەكلىشىپ مۇز بولۇۋالغاچقا، سەللا ئاۋايلىمىسا تۇياقنى كاردىن چىقىراتتى. گېپىر مۇشۇ سەۋەبلىك تۇيىقىنى يارا قىلىۋېلىپ راسا دەردىنى تارتتى. گېپىر ئۆزىمىغۇ كالانپايىراق، شۇڭا ئاپىسى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ.

ھازىر كۆپچىلىك دائىم دېگۈدەك بىللە يۈرىدىغان بولۇشقان، پارىڭىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ. ئانىنا چوڭ ئاپىسى دائىم ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى.

ئۈزاق ئۆتمەي مارېنامۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇ بويىغا يەتكەن مارال ئىدى. لېكىن ئۇلارنى ئەڭ خۇش قىلغىنى ياشتا چوڭراق نەتىللا خانىم بولدى. نەتىللا دائىم بىر چەتتە يۈرۈشكە، ھەرقانداق ئىشقا ئۆزگىچە پىكىر بېرىشكە ئامراق ئىدى.

— ياق، — دەيتتى ئۇ دائىم، — ئەمدى مېنىڭ بالا دەردىنى





تارتقۇم يوق، بالىغا باغرىم قېنىپ بولغان مېنىڭ.
— نېمىشقا ئەمدى؟ — دەپ سورايتتى فالىنە.
— بالا - بالا دەپ ئاز جاپالارنى تارتمىدىم، — دەيتتى نەتىللا
خاپا بولۇپ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتارلىشىپ تۇرۇۋشقىنىچە كۆڭۈللۈك پاراڭغا
چۈشۈپ كېتىشەتتى. بالىلارمۇ ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى ئەزەلدىن ھا-
زىرقىدەك مۇنداق كۆپ ئاڭلاپ باققان ئەمەس.
ھەتتا ئىككى شاھزادىمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە كېلىپ قوشۇلدى.
دەسلەپتە ئۇلاردىن ھەممىيلەن قورۇنۇپ قېلىشتى، بولۇپمۇ بالىلار.
لېكىن ئۇزاققا قالماي كەيپىيات ياخشىلىنىپ، ھەممەيلەن ناھايىتى ئا-
زادە بولۇپ كېتىشتى. بەمبى گەۋدىلىك شاھزادە رونوغا خېلى قايىل
بولسىمۇ، لېكىن ياش ھەم قاملاشقان كالىسقا ھەممىدىن بەك ئامراق
ئىدى. ئىككىلا شاھزادىنىڭ مۈڭگۈزلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بەمبى
دائىم ئۇ ئىككىسىنىڭ يۇملاق، سىلىق ھەم پارقىراق، نۇرغۇن ئۇش-
شاق چېكىملەر بىلەن تولغان، ناھايىتى ئېسىلزادە كۆرۈنىدىغان
مۈڭگۈز تۈپلىرىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتى.
كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىپ كې-
تىشتى. رونونىڭ سول پۇتىدا قېلىن تۈك باسقان بىر مونەك بولۇپ،
ماڭغاندا مۇشۇ پۇتى ئاقسايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلاردىن:



— ئاقساپ ماڭىدىغانلىقىم
چېنىپ قالامدىكەن؟ — دەپ
سورىدى. كۆپچىلىك ھېچ-
بىر جانمايدىكەن دېيىشتى.
رونونىڭ كۆتىدىغىنى دەل
مۇشۇ جاۋاب ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ
ھېچكىم بۇنى سېزەلمىگەنىدى.
— راست دېدىڭلار، — دېدى
رونو گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —

ئۇ چاغدا مەن گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن، — ئاندىن رونىو بىرسى-
نىڭ ئۆزىنى قانداق ئاتقانلىقى ھەم ئوقنىڭ پۇتىغا تەگكەنلىكى، سۆڭـ-
كى چېقىلىپ كەتكەچكە قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكى، شۇنداقتىمۇ ئۆزد-
نى يوقىتىپ قويماي ئۈچ پۇتلاپ جېنىنىڭ بارىچە قاچقانلىقى، تېنىنىـڭ
ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگىمۇ قارىماي ئۇدۇل ئالدىغا قاچىۋەرگـەنلىكـى،
تاكى بىخەتەر جايغا يەتتىم دېگەندىلا ئاندىن توختىغانلـىقى؛ كېيىنكـى
كۈنلىرىنى ئۆز - ئۆزىنى كۈتۈش، يوشۇرۇنۇپ يالغۇز يېتىش، يارىسى-
نى داۋالاش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى؛ ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ ئـالدىدا يەنـە
پەيدا بولۇپ قەھرىمانغا ئايلانغانلىقى، سەل ئاقساقلاپ ماڭسىمۇ، لې-
كىن ھېچكىمنىڭ بۇنى سېزەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ھازىر كۆپچىلىك دائىم ئۇزاقراق جەم بولۇپ، ھەر خىل ھېكايـ-
لەرنى سۆزلىشىدىغان بولغاچقا، بەمبىمۇ بۇرۇنـقىغا قـارىغاندا «ئـۇ»
توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى بىلىۋالدى. ئۇلار «ئۇ»نىڭ قانچى-
لىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى، بوزىراڭغا چىرايىغا قاراشقا ھېچكىمنىڭ
پېتىنالمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشتى. بۇنى ئۇمۇ ئۆز كۆزى بىلـەن





كۆرگەندى. «ئۇ»نىڭ بەدىنىدىن تارالغان پۇراق ھەققىدە گەپ بو-لۇنىۋىدى، بەمبىنىڭمۇ گەپ قىلغۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن باشقىلار-نىڭ ئۆزىنى تەربىيە كۆرمىگەن، گەپكە قوشۇق سالىدىكەن دەپ قې-لىشىدىن ئەنسىرەپ جىم تۇردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە «ئۇ»نىڭ پۇرد-قى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بەك ئۆتكۈر، غەلىتە، ۋەھىملىك بولغانلىقتىن، يەنىلا تونۇۋالغىلى بولىدىكەن.

يەنە «ئۇ» ھەمىشە ئىككى پۇتلاپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ قوللىرى بەك كىچىك دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قولنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ئازراق چۈشەندۈرۈشتىن كېيىن نەتىللا خانىم ئۆز قارىشىنى ئېيتىپ:

— مېنىڭچە بۇنىڭ ھېچبىر ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، سىلەر دېگەن بۇ ئىشلارنى تېپىنىمۇ قىلالايدۇ، ئۇلار ئەمەس ھەرقانداق بىر چاشقاندىمۇ مۇشۇنداق قابىلىيەت بار، — دېدى ـ دە، مەسخىرە قىلغاندەك بېشىنى بۇرىۋالدى.

— ھوي! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى قالغان بۇغىلار ھەم بۇ ئىككىسى تامامەن باشقا ـ باشقا ئىش دەپ ئەسكەرتىشتى.

لېكىن نەتىللا خانىم يەنىلا قايىل بولمىدى.

— يەنە لاچىنچۇ؟ — دېدى ئۇ قايناپ، — بۇتېئو قۇشى، مۆشۈك-ياپىلاقلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىككىلا پۇتى بارغۇ. ئۇلار بىر نەرسىنى تۇت-ماقچى بولغاندا، شۇنداق، ئۇلار بۇ ھەرىكەتنى تۇتۇش دەپ ئاتايدۇ،

بۇ چاغدا بىر پۇتلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر پۇتى بىلەن تۇتىدىغۇ. بۇنـداق قىلىش بەك تەس، بۇ «ئۇ»نىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ.

نەتىللا خانىم «ئۇ»نىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولغاچقا، «ئۇ»نى زادىلا ياراتمايتتى. ««ئۇ› بەك رەزىل» دەيتتى ئۇ ھەم ئۆزىنىڭ قـا-رىشىدا چىڭ تۇراتتى. كۆپچىلىكمۇ «ئـۇ»نى ياخشـى كۆرۈپ كەتمـە-گەچكە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلمايتتى.

لېكىن «ئۇ»نىڭ ئىككى قولـىلا بولۇپ قالـماي، يەنە ئـۈچىنچـى قولىنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە گەپ بولۇنىۋىدى يەنە تالاش ـ تارتـىش باشلىنىپ كەتتى.

ــ قىپقىزىللا يالغانغۇ، ــ دېدى نەتىللا خانىم كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ، ــ ئىشەنمەيمەن.

ــ راستما؟ ــ رونىو بۇ گەپكە قوشۇلمىدى، ــ ئۇنداقتا قېنـى دەپ باقمامسەن، ئۇ زادى نېمە بىلەن پۇتۇڭنى يارىلاندۇردى؟

ــ نەدىكى گەپ بۇ، قەدىرلىكىم؟ ــ دېدى نەتىلـلا ئۇنىڭ گـې-پىگە پىسەنت قىلماي، ــ پۇتۇم ساپساق تۇرمامدۇ مانا.

ــ مېنىڭ بېشىمدىنمۇ نۇرغۇن ئىش ئۆتكەن، ــ دېدى ئـاذ-نا، ــ مېنىڭچە كۆپچىلىكنىڭ «ئۇ»نىڭ ئۈچىنچى قولى بـار دېگىنـە-نىڭمۇ ئاز ـ تولا ئاساسى بار.

ــ بۇ گېپىڭىزگە يۈزدەيۈز قوشۇلىمەن، ــ دېدى ياش كالـىس ئەدەپ بىلەن، ــ مېنىڭ بىر قاغا دوستـۇم بار... ــ شۇنداق دەپـلا ئوڭايسىزلانغىنىدىن گېپىنى توختىتىپ، مېنى مازاق قىلىۋاتامدىغانـدۇ دەپ كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ھەممەيلەنـىنىڭ ئۆز گـېپىـنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كـۆرۈپ گېپـىنى داۋاملاشتـۇردى، ــ ئۇ قاغىنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، ئوبدان تـەربىيە كـۆرگەن. بۇنى قـو-شۇپ قويمىسام بولمايدۇ، ئۇ ھەقـىقەتەن ياخـشى تەربـىيە ئالغـان...

ئۇنىڭ دېيىشىچە، «ئۇ»نىڭ ھەقىقەتەن ئۈچىنـچى قولى بـار ئىكەن، لېكىن دائىملا كۆرۈنۈپ تۇرمايدىكەن. قاغىنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇ ئۈچىنچى قول بەك رەزىل ئىكەن، ئۇنى مـۇ-

رىسگە ئارتىۋالىدىكەن. «ئۇ» ياكى «ئۇ»نىڭدەكلەرنىڭ خەتەرلىك
ياكى ئەمەسلىكىنى قاغا ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. ناۋادا «ئۇ» كەل-
گەندە ئۇچىنچى قولى كۆرۈنمىسە ھېچقانداق خەتىرى بولمايدىكەن.
— قارىغاندا ئۇ قاغا دوستۇڭ ئۆتۈپ كەتكەن كالۋا نىمى-
كەن، — دېدى نەتىللا خانىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەندىن كې-
يىن، — ئەي سۆيۈملۈك كالىس، ئۇنىڭغا دەپ قويغىن، ئۇ راستتىنلا
ئەقىللىك بولۇشنى ئويلىسا، شۇ ئېسىدە بولسۇنكى، «ئۇ» مەڭگۈ خە-
تەرلىك، مەڭگۈ.
لېكىن باشقا بۇغىلار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇشتى.



— «ئۇ»لارنىڭ ئىچى-
دە بەزىلىرى ئازراقمۇ خە-
تەرلىك ئەمەس، — دېدى
بەمبىنىڭ ئاپىسى، — بۇن-
داقلارنى بىر قاراپلا بىلى-
ۋالغىلى بولىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى
نەتىللا قايتۇرۇپ سوراپ،
— بۇ گېپىڭچە «ئۇ»لار
كەلسە ساقلاپ تۇرۇپ سالام
بېرىدىكەنسەن - دە؟
— ساقلاپ تۇرىدىغان ئىش يوق، — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى
مۇلايىملىق بىلەن، — بۇرۇلىپلا قاچىمەن.
— سەنمۇ قېچىشنىلا بىلىسەن، — دېدى فالىنە ئىختىيارسىز
كۈلۈپ.
شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.
بىراق ئۇچىنچى قولنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ئۇلار يەنە جىددىي-
چىلىككە، ئاندىن ئاستا - ئاستا ۋەھىمىگە چۆشۈشكە باشلىدى. چۆن-

كى مەيلى ئۈچىنچى قول ياكى باشقا بىر نەرسە بولسۇن، ئومۇمەن قورقۇنچلۇق، چۈشىنىكسىز نەرسە ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى «ئۇ» توغرۇلۇق ھېكايىلەرنىلا ئاڭلاپ باققان، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا «ئۇ»نىڭ يىراقتا قىمىر قىلماي جىمجىت تۇرغانلىقىنى كۆرۈشكەنىدى. «ئۇ»نىڭ زادى نېمە قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، لېكىن تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت پۈركۈلۈپ، ناھايىتى يىراقتىكى بىر ھايۋاننىڭ دولىسىغا تېگىپ، ئۇنى موللاق ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. بۇ ئىشنى دېيىشىۋاتقاندا ئۇلار خۇددى بۇنىڭدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەندەك، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ تۈگۈلۈۋېلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا قان ـ ياش ۋە دەرد ـ ھەسرەت بىلەن تولغان مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا شۇنچە خۇشتار ئىدى ھەم بۇ توغرۇلۇق زېرىكمەي مۇنازىرە قىلىشاتتى. كۆپچىلىكنىڭ سۆزلەيدىغىنى ساپلا ئۆزلىرى توقۇۋالغان ھېكايىلەر بىلەن بۇرۇنقىلاردىن داۋاملىشىپ كەلگەن چۆچەك ـ رىۋايەتلەر بولۇپ، مۇشۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا قورقۇنچنى قانداق يوقىتىش، ئۇنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيتتى.

— بۇ ئىش زادى قانداق يۈز بەرگەن؟ — سورىدى ياش كالىس ۋەزمىن ئاھاڭدا، — «ئۇ» ئۆزىدىن شۇنچىۋالا يىراقتىكى بىرەيلەننى قانداق ئۇرۇپ يىقىتىۋەتكەندۇ.

— ئەقىللىك قاغا دوستۇڭ دەپ بەرمىدىمۇ؟ — دېدى نەتىللا خانىم مەسخىرە قىلىپ.

— ياق، — دېدى كالىس سۇسقىنا كۈلۈپ، — ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىسىمۇ، چۈشەندۈرگۈدەك ئادەم يوق ئىكەن.



— يەنە «ئۇ» خالىسا قاغىنىمۇ دەرەختىن سۆرەپ چۈشۈرەلەيدىكەن، — دېدى رونىو گەپ قىستۇرۇپ.
— ئۇچۇۋاتقان قىرغاۋۇلنىمۇ تارتىپ چۈشۈرۈۋالالايدىكەن، — دېدى ئانىنامۇ ئۇلاپلا.
— «ئۇ» ئاشۇ قولىنى تاشلىۋېتىپتۇدەك، — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى، — بۇنى مۇمام دەپ بەرگەن.
— راستىما؟ — سورىدى نەتىللا خانىم، — ئۇنداقتا ھېلىقى قورقۇنچلۇق گۈمبۈرلىگەن ئاۋازنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟
— شۇ قولىنى سۇندۇرغاندا، — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى چۈشەندۈرۈپ، — چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپتۇ. چۈنكى قولىنىڭ ئىچىدە ئوت بار ئىكەن.
— كەچۈرگىن، — دېدى رونىو، — ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت بار دېيىشقۇ دىتقا سىغار، لېكىن قولىدا ئوت بار دېيىش كىم ئىشىنىدۇ. قولىمۇ شۇنچىلىك يارىلاندۇرالامدۇ؟ بۇنى قاراپمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا توغرىسىنى ئېيتقاندا، «ئۇ» چىشىنى ئاتقان گەپ. چىشقا تاقىساق ئاندىن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىرىمىزنى ئاشۇ چىش چىشلەپ ئۆلتۈرگەن.
— ئەجەبا «ئۇ» مەڭگۈ ئاشۇنداق بىزنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرەمدۇ؟ — دېدى ياش كالىس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.
بۇ چاغدا بويىغا يەتكەن مارال مارېنا گەپكە ئارىلاشتى:
— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھامان بىر كۈنى «ئۇ» ئارىمىزغا قوشۇلۇپ، بىزگە ئوخشاش مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ئوينايدىكەن. شۇ چاغدا پۈتكۈل ئورمان بەخت - سائادەتكە چۆمۈپ، ئېجىل - ئىناق ياشايدىكەنمىز.
— كەلمەياق قويسۇن، — دېدى نەتىللا خانىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، — «ئۇ» كەلسە خاتىرجەملىكىمىز بۇزۇلىدۇ!
— بۇنچىۋالا دەپ كەتمىگىنچۇ، — دېدى ئانىنا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلمىغاچقا.



— نېمشقا دېمگۇدەكمەن؟ — دېدى نەتلىلا خانىم زەردە بې-لەن، — ئەجەب غەلەت گەپ قىلدىڭغۇ. ئەي قەدىرلىك قىرىنداشلى-رىم، ئېسىمىزنى تاپساق، «ئۇ» بىزنى قىرغىن قىلىۋېتىپتىكەن. ئەي خالايىق، قەدىرلىك ھەدە - سىڭىللار، ئانىلار، ئاغا - ئىنىلەر! بىز بۇ دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ «ئۇ» ئەزەلدىن بىزگە ئارامچىلىق بې-رىپ باقمىدى. نەگىلا بارساق شۇ يەرگە قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرۈپ كەلدى... شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە «ئۇ»نىڭ بىلەن ئېجىل - ئىناق ئۆتەمدۇق؟ تازىمۇ قاملاشمىغان گەپقۇ بۇ!

مارېنانىڭ نۇرلۇق، سۈزۈك كۆزلىرى كۆپچىلىككە تەمكىن تې-كىلدى.

— ئېجىل - ئىناقلىق بىز دەپ يۈر-گەن ئەخمىقانە گەپ ئەمەس، — دېدى ئۇ، — بۇ ھامان بىر كۈنى ئەمەلگە ئاش-ماي قالمايدۇ.

نەتلىلا بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— بىر نەرسە يەۋالاي، — دېدى ئۇ كې-تىۋېتىپ.



# 10 ـ باب

قىش دېگەن بەك ئۇزاق بىلىندۇ. بەزىدە كۈن ئازراق ئىللىپ قا-
لدۇ ـ دە، ئارقىدىنلا يەنە قېلىن قار يېغىپ، مېڭىش تەسلىشىپ كېتى-
دۇ. ئەڭ چاتاق يېرى، كۈندۈزى ئېرىگەن قارلار ئاخشىمى قار يۈزىنى
بىر قەۋەت نېپىز مۇز بولۇپ تۇتۇۋالىدۇ. سەللا بىخەستەلىك قىلسا
تېيىلىپ، مۇز يېرىلىپ، پىچاقتەك مۇزلار تۇياقنى قانىتىۋېتىدۇ. قەھ-
رىتان قىش ۋاقتى بولغاچقا، ھەممە يەر توڭلاپ كەتكەن، ھاۋا ئاجا-
يىپ سۈزۈك ھەم تازا. ئەتراپتىن سوغۇققا چىدىماي قاقشاشلار ئاڭلىنىپ
تۇراتتى.

ئورمان تىمتاسلىققا چۆمگەن، لېكىن ھەر كۈنىلا قورقۇنچلۇق
ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى. بىر كۈنى بىر توپ قاغا بەمبىنىڭ دوستى يا-
ۋا توشقاننىڭ ئاغرىپ ياتقان گۆدەك ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىچارە
بالا جېنى چىقىپ بولغۇچە قاڭغىر قاقشىدى. ياۋا توشقان يېرىم يول-
دىلا بۇ ئېچىنىشلىق نالىنى ئاڭلاپ، ئازابلانغىنىدىن ئۆزىنى قويارغا
يەر تاپالماي قالدى.

يەنە بىر قېتىم بوينى ئېغىر يارىلانغان بىر تىيىن ھە دەپ يۈگۈرگە-



لى تۇردى، ئۇنى بۇلغۇن چىشلىۋالغانىدى. بۇلغۇننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە. ئاغرىق ئازابىدا تىيىنىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان بولۇپ، ھە دەپ شاختىن - شاخقا تاخلايتتى. بىردەم ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ، تاقلىغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا جىمىقىپ، ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمە ۋە ئازاب ئىچىدە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى. يارىسىدىن ئاققان قان ئاپپاق كۆكسىنى قىزىل رەڭگە بوياماقتا ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھالەتتە يېرىم سائەتچە تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا شاخقا گۈپپىدە يىقىلدى - دە، ئاندىن قارلىق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئان بىر توپ سېخىزخان ئۇچۇپ كېلىشىپ زىياپەتنى باشلىۋېتىشتى.

يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بىر قىرغاۋۇل تۈلكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھەممەيلەنلا ئېچىنىپ، قاتتىق ئاھ ئۇرۇشتى. قىرغاۋۇل ئەسلىدە قارلىق يەرگە ئۇۋا كولاپ كىرىۋالغانىكەن. ئۇ شۇنچىلىك پۇختا مۆكۈندۈم، تۈلكە ھەرگىز مېنى تارتىپ چىقىرالمايدۇ دەپ ئويلىغانىكەن.



بۇ ئىش كۈپكۈندۈزدىلا يۈز بەرگەچكە، ھازىر ھەممەيلەنلا دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قېلىشقانىدى. ئايىغى چىقماس بۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەر تەسىرىدە ئۆچ - ئاداۋەت ۋە ۋەھشىيلىكلەر بارغانچە يامراپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل تەسىراتلىرى، ۋىجدانى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىشەنچىنى يوققا چىقارغانىدى. شۇڭلاشقا شۇ كۈنلەردە ھېسداشلىق، خاتىرجەملىك ۋە سەۋر - تاقەت دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردىغۇ، — دېدى بەمبىنىڭ

ئاپىسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — لېكىن كېيىنچە ھەممە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

— بۇرۇنقى كۈنلىرىمىز قانداق ئېسىل ئىدى - ھە، — دېدى ئانىنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى مارېنا يىراقلارغا نەزەر سالغىنچە، — بۇرۇنقى ئاشۇ ئېسىل چاغلارنى خويمۇ سېغىندىم!

— ھوي، بالاڭ تىترەۋاتىدىغۇ! — دېدى نەتىللا خانىم ئانناغا گېبېرنى كۆرستىپ تۇرۇپ، — ئۇ دائىم مۇشۇنداق تىترەمدۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئانىنا غەمگە پېتىپ، — خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى.

— ھەي! — نەتىللا خانىم كۆڭلىدىكىنى تۆزلا ئېيتىشقا باشلىدى، — بالام بولۇپ قالمىغىنى ئۈچۈن ئەجەب خۇش بولۇۋاتىمەن. ناۋادا بۇ مېنىڭ بالام بولۇپ قالغان بولسا، قىشتىن ئۆتەلەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتىمكەن.

گېبېرنىڭ ئەھۋالى راستتىنلا ناچاردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىنمۇ تېنى ئاجىز، بەمبى بىلەن فالىنەگە باققاندا مىس - مىس ھەم جۇغىمۇ كىچىكرەك. مانا ئەمدى ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ، يېگەن نەرسىسىنىمۇ سىڭىرەلمەس، يېسىلا ئىچى سۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا سوغۇق ۋە ساقسىزلىق دەستىدىن ھېچ ھالى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ تىترىكى بارغانچە ئېغىرلىشىپ ئاخىر ئۆرە تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ھەقىقەتەن بىچارە ئىدى.

نەتىللا خانىم گېبېرنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېھرىبانلىق بىلەن:

— بولدى، ئاھ ئۇرما، ئوغۇل بالا دېگەن چىداملىق بولىدىغان. مۇنداق قىلىۋەرسەڭ سالامەتلىكىڭگە زىيانلىق، — دېدى. ئاندىن كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلىۋالدى.

رونو چەتتەرەك يەردىكى قاردا ياتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئىرغىپ تۇردى - دە، ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قاراپ دۇدۇقلىغىنىچە:



— نېمە بولدىكىنە؟... — دېدى.

— نېمە بولغاندۇ؟... — كۆپچىلىك جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

— مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى رونىو، — لېكىن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قېلىۋاتىمەن... تۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم ئېغىپ كېتىۋاتىدۇ... قارىغاندا چاتاق چىققان ئوخشايدۇ...

كالىس هاۋانى راسا ھىدلىغاندىن كېيىن:

— ھېچبىر چاتاق سەزمىدىمغۇ، — دېدى چۈشەندۈرۈپ.

بۇ چاغدا كۆپچىلىك جىممىدە بولۇشۇپ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ زەن قويۇپ ئاڭلاشقا، ئەستايىدىللىق بىلەن ھىدلاشقا باشلىدى.

— ھېچ ئىش يوق!

— ھېچنېمىنى سەزمىدۇق... — دېيىشتى ئۇلار بەس - بەستە.

— ھېچنېمىنى بايقىيالمىغان بولساڭلار بوپتۇ! نېمە دېگۈڭلەر كەلسە دەۋېرىڭلار... ئەمما چوقۇم بىر ئىش بولدى... — دېدى رونىو ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ.

— قاغىلار ھېلىلا قاقىلدىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن... — دېدى مارىنا.

— ئەنە، ئۇلار يەنە قاقىلداۋاتىدۇ! — دېدى كالىس كۆپچىلىك-
نىڭ دىققىتىنى بۇراپ.

كۆپچىلىك شۇ ئان بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقانىدى، بىر توپ قا-
غىنىڭ دەرەخلەر ئۈستىدە پالاقلاپ ئۇچۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.
ئۇلار ئورمانىنىڭ ئەڭ چېتىدىن، يەنى دائىم خەتەر يۈز بېرىدىغان
جايدىن ئۇچۇپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇچقاچ ھاسراپ - ھۆمۈدەشكىنىچە
نېمىنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى. دېمەك ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسىدىن ئۇر-
كۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— قانداق، بايا دېگىنىم راستمىكەن؟ — دېدى رونو.

— قارىغاندا راستتىنلا بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك قىلىدۇ!

— قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى تەشۋىشلەنگە-
نىدىن ئارانلا ئۈنىنى چىقىرىپ.

— تېز قاچايلى! — دېدى ئانىنا جىددىيلەشكىنىدىن.

— توختاپ تۇرۇڭلار! — رونو كۆپچىلىككە قۇماندانلىق قى-
لىشقا باشلىدى.

— يەنە نېمىگە ساقلايمىز؟ باللىرىمىز تۇرسا، — دېدى ئانىنا، —
ئۇنىڭ ئۈستىگە گېپىر يۈگۈرۈيەلمەيدۇ.

— ئەمىسە بوپتۇ، — دېدى رونو قوشۇلۇپ، — سەن باللى-
رىڭنى ئېلىپ ماڭغۇەر. بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىسا-
مۇ، ئەمما كېيىنچە خەقنىڭ ئەيىبلىشىگە قالغۇم يوق، — رونو بۇ
گەپلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىل، تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى.

— يۈر گېپىر! فالىنە، تېز ماڭايلى! ئاۋايلاپ ماڭ! ئاستىراق!
ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، — دېدى ئانىنا باللىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىممىدە كېتىپ قېلىشتى.

ۋاقت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە، ئۇلار لام - جىم دېيىشمەي ئەن-
راپنى تىڭتىڭلىماقتا، پۇرىماقتا.

— بىزنى نېمانچە پالاكەت باسىدىغاندۇ، — دېدى ئابىللا خالىم
ئاغرىنىپ، — ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى! — ئۇ قاتتىق غەزەپكە



تولغاندى.

بەمبى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئەتراپتا قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى.

بۇ چاغدا بايا قاغىلار ئۇچۇپ كەلگەن تەرەپتىن سىغىزخانلارنىڭ تۇيۇقسىز: «دىققەت قىلىڭلار! دىققەت! دىققەت!» دەپ شاراقلاشلىرى ئاڭلاندى. گەرچە ئۇلارنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، بىر - بىرىگە ئا-گاھلاندۇرۇش بېرىپ: «دىققەت — دىققەت — دىققەت!» دېيىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي سىغىزخانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ يىراققا ئۇچۇپ كېتىشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن قورقۇپ كېتىشكەنىدى.

— قاق! — ئالا قاغىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى كۈچلۈك ئاگاھلاندۇ-رۇش بەردى.

شۇ ھامان بارلىق بۇغا - مارااللار كالتەك يېگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. ئاندىن جىمجىت تۇرۇشۇپ ھاۋانى ھىدلاشقىلى تۇرۇشتى.

«ئۇ» ئىكەن.

بۇرۇننى ئېچىشتۇرغۇدەك ئۆتكۈر پۇراق ھاۋانى بىر ئالغان-دى. بۇغىلار بۇ پۇراقنى بىرلا پۇراپ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولۇشقانىدى. بۇ پۇراق ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن ئۇدۇل مېڭىسىگە چې-قىپ، ئەقىل - ھوشنى يوقىتىپلا قويغانىدى.

سىغىزخان بىلەن ئالا قاغىلار توختىماي ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەك-تە، قۇش - چۇۋۇلاردىن پۈتكۈل ئورمان قايناپ تاشماقتا ئىدى. چۈمە-چۈقلار نەچچە يۈزلىگەن پەي توپلاردەك شاختىن - شاخقا قالايمىقان قاڭقىشىپ، «تېز قاچ! تېز قاچ!» دەپ ۋىچىلداشماقتا. تۇردۇسلار بوغۇق ئۈندە سوزۇپ - سوزۇپ ئۈنلىشىپ، چاقماق چاقناندەك ئۆ-تۈشمەكتە. قاقشال چاتقاللىقلار ئارىسىدىن ئاپپاق قارلىق جايدا نۇر-غۇنلىغان قىرغاۋۇلنىڭ ئالاقزادە بولۇپ قېچىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنمەك-تە. يەنە بىر تەرەپتىن قىزىل بىر نەرسە يالتىندە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ



چوقۇم تۆلكە. لېكىن شۇ تاپتا ھېلىقى قورقۇنچلۇق پۇراق گويۇلدەپ ھەممەيلەننى ۋەھىمىگە، جانىنى ئېلىپ قېچىش ۋەسۋەسىسىگە سېلى-ۋەتكەچكە، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارار كۆزى يوق.

بۇ كۈچلۈك پۇراق ئەتراپنى بىر ئېلىپ، ھەممەيلەننى تەھلىكىگە سېلىۋەتكەنىدى. ئۇلار بۇ يەرگە يالغۇز «ئۇ»لا ئەمەس، يەنە «ئۇ»نىڭ شېرىكلىرىنىڭمۇ كەلگەنلىكىنى، قۇتۇلۇش تەس زور خە-تەرنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىشتى.

بۇغىلار چۇمچۇقلارنىڭ ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قاناتلىرىنى پالاق-شىتىشى، تۇردۇس، تىيىنلارنىڭ جىددىيلىشىپ شاختىن - شاخقا سەك-رەشلىرىگە قاراپ، بۇ جانىۋارلار مۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىسىمۇ بوپ-تىكەن دەپ ئويلاشتى. لېكىن بۇ جانىۋارلارنىڭ «ئۇ»نىڭ ھىدىنى ئالسىلا قېچىشتىكى سەۋەبى، ئورماندا «ئۇ»نىڭ قېشىدا تۇرۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى.

بۇ چاغدا ياۋا توشقان ئىككىلەنگەن ھالدا مۇشۇ تەرەپكە تاقلاپ كەلدى - دە، بىردەم جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە تاقلىغىلى تۇردى.

— نېمىش يۈز بېرىپتۇ؟ — سورىدى كالىس چىداپ تۇرالماي.



توشقان ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغاچ-قا، گەپ قىلالماي ئەتراپقا ھاڭۋېقىپ قاراپلا تۇراتتى.

— ئۇنىڭ ھالىغا بېقىپراق سورىساڭ-چۇ... — دېدى رونىو مۇڭلىنىپ.

توشقان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىگەن-دىن كېيىن:

— بىز قورشىلىپ قالدۇق، — دېدى

جانسىز ھالدا، — ماڭار يولىمىز قالمىدى، ئەتراپ «ئۇ»نىڭدەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى!

دەل شۇ چاغدا «ئۇ»نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئۇ»دىن يې-گىرمە - ئوتتۇزى بوراندىنمۇ ئۆتە ۋەھىمىلىك ئاۋازدا «ھۇ-ھۇي!»، «ھا - ھا!» دەپ غەلۋە قىلىشماقتا ئىدى. يىراقتىن چاتقاللارنىڭ شالدىرلىغان، قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، جان - جانىۋارلار دىر - دىر تىترەشكىنىچە پىترىماقتا ئىدى.

«ئۇ»لار كېلىۋاتاتتى.

«ئۇ»لار ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى.

تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن چىرقىراق، ئۈزۈك - ئۈزۈك ئۈنلەش ئاڭلىنىپ، بىر قىرغاۋۇل «ئۇ»نىڭ ئايىغى تۈۋىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. بۇغىلار ئۇنىڭ قانات قېقىشىدىن چىققان ئاۋازىنىڭ بارغانچە ئاستىلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇشتى. تۇيۇقسىز بىر نەرسە «گۈم» قىلدى - دە، ئارقىدىنلا جاھان جىممىدە بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ يەرگە گۈپپىدە چۈشكەنلىكى ئاڭلاندى.

— قىرغاۋۇل يەرگە چۈشۈپ كەتتى، — دېدى بەمبىنىڭ ئاپىسى تىترىگىنىچە.

— بۇ تۇنجىسى... — دېدى رونو ئۇلاپلا.





— بۇ قېتىم بىرنەچچىمىز ئۆلۈپ كې-
تىشىمىز مۇمكىن، — دېدى ياش مارېنا،
— مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

خەتەر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

بەمبى كاللىسىنى ئىشلىتىپ ئويدانراق ئويلىنىپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۇ»نىڭ ئەسەبىيلىككە تولغان ئاۋازى بارغانچە كۈچىيىپ، خىياللىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. بەمبى مېڭىنى قوچۇغۇچى ۋالڭ - چۇڭدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدى. ھۇۋلىغان، دەرەخ شاخلىرى قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازلار گىرەلىشىپ ئۇنىڭ ۋۇ-جۇدىنى دىر - دىر تىترەتمەكتە ئىدى. لېكىن جىددىيچىلىك ۋە تە-ئەججۈپ ئىلكىدە ئۆزىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى.

بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئاپىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— قېشىمدىن نېرى كەتمىگىن، — دېدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە چىڭ بولسىمۇ، ئەمما ۋالڭ - چۇڭ تۈپەيلىدىن بەمبىگە پىچىرلاپ ئېيتقاندەكلا ئاڭلاندى. ئاپىسىنىڭ «قېشىمدىن نېرى كەتمىگىن» دې-گەن گېپى بەمبىگە زور مەدەت بولۇپ، ئۇنى زەنجىردەك مەھكەم باغلاپ تۇردى. بولمىغاندا ئاللىبۇرۇن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، بە-دەر قاچقان بولاتتى. ھەر قېتىم ئەقلىدىن ئېزىپ قېچىشنى ئويلىغان چاغلاردىمۇ ئاپىسىنىڭ مۇشۇنداق تاپىلاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى.



ئۇ ئەتراپقا قارىدى. جىمى ئور-مان ئەھلى ساراڭلارچە قېچىشماقتا. بىر توپ سېرىق ئاغمىخان قاتار تى-زىلىشقىنىچە خۇددى لېنتىدەك شارتى-تىدە ئۆتتۈپ كېتىشتى. بىر ئاق باش ئاغمىخان سېھىرلەپ قويۇلغاندەك جىمجىت تۇرغىنىچە ئۇمىدسىزلىككە تولغان ياۋا توشقاننىڭ گەپلىرىگە

قۇلاق سالماقتا ئىدى. يېقىنلا جايدا تۈلكە پاتىپاراقچىلىقتا كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قېچىشنىڭ كويىدىلا قالغان بىر توپ قىرغاۋۇلنىڭ قېشىدا تۇراتتى. تۈلكىنىڭمۇ ئۇلارغا قارارغا كۆزى يوق، ھېلىدىن-ھېلىغا بوينىنى سوزۇپ، قۇلاقلىرىنى ئۈچلاپ، بۇرنىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئەتراپتىكى بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان گۈلدۈر-قاراسقا دىققەت قىلماقتا ئىدى. چوڭقۇر ئويغا پاتقان بولسا كېرەك، پەقەت قۇيرۇقىنىلا بوشقىنا مىدىرلىتىپ تۇراتتى. بىر قىرغاۋۇل پالاق-پۇلۇق يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئەڭ خەتەرلىك جايدىن قېچىپ كەلگەچكە، بەك قورقۇپ كەتكەنىدى.



— ئۇچماڭلار! — دەيتتى ئۇ باشقا قىرغاۋۇللارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئۇچۇشقا بولمايدۇ... يۈگۈرۈشكىلا بولىدۇ! ئالاقزەدە بولماڭلار! ھەرگىز ئۇچقۇچى بولماڭلار! يۈگۈرۈڭلار، يۈگۈرۈڭلار، يۈگۈرۈڭلار! — ئۇ خۇددى ئۆز-ئۆزىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقاندەك توختىماي شۇنداق دەيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

«ھوھوي!»، «ھا-ھا!» يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىدىغان بۇ ئاۋازلار يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى.

— ئالاقزەدە بولماڭلار خالايىق! — دەپ توۋلىدى قىرغاۋۇل، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇيۇقسىز چىرقىراپ كەتتى-دە، پالاق-پۇلۇق ئۇچقىلى تۇردى. بەمبى ئۇنىڭ دەرەخلەر ئارىسىدا ھاۋاغا تىك ئۆرلىگىنىچە ھە دەپ قانات قېقىۋاتقانلىقىنى، بەدىنىدىكى قېنىق كۆك ۋە سارغۇچ قوڭۇر پەيلىرىنىڭ ۋال-ۋۇل چاقناپ، ئۇزۇن قۇيرۇقىنىڭ مەغرۇرانە يەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. قۇلاقنى پاك قىلغۇدەك دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ قىرغاۋۇل

ھاۋادا تۇيۇقسىزلا پۇكۇلۇپ، ئۆز پۇتىنى چوقۇماقچى بولغاندەك نەچچە موللاق ئاتتى، ئاندىن شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ، قىرغاۋۇللار ئارىسىغا پوككىدە چۈشتى - دە، جىممىدە بولۇپ قالدى.

شۇ ئان قىرغاۋۇللار قورقۇپ كېتىشكىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قاچقىلى تۇرۇشتى. بەش - ئالتە قىرغاۋۇل تەڭلا كۆككە كۆتۈرۈلدى.

— ئۇچماڭلار! — دېدى قالغانلىرى يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ. يەنە گۇلدۇرماما گۇلدۇرلەپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن قىرغاۋۇلدىن بەش - ئالتىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، — تېز قايتىپ كەل! — دېدى ئاپسى. بەمبى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. لېكىن رونىنو بىلەن كالىس يوق تۇراتتى. نەتىللا خانىممۇ يوق، پەقەت ئۆزى بىلەن مارېنانىڭلا قېپقالغانلىقىنى كۆردى. ئەتراپ ۋاڭ - چوڭ ۋە قاراس - قۇرۇس ئاۋازلار بىلەن تولغان، ھۆركىرەش ۋە گۇلدۇرلەشلەر بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئاپسى دىر - دىر تىترەۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلانماقتا ئىدى.

— بەمبى، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — مەندىن ئايرىلماي ماڭ،



بۇ يەردىن چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، ئورماندىن چىقساقلا ئوچۇق-چىلىق بار. ئەمما ئورماندىن چىققۇچە ئاستا ماڭىمىز.

ئون - يىگىرمىسىنىڭ قولىدىن تەڭلا بومبا تاشلانغاندەك، گۇل-دۈر - قاراس ئاۋازلار تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى ئاپىسى بەمبىگە تاپىلاپ، — ھازىرچە يۈگۈرۈشكە بولمايدۇ! ئوچۇقچىلىققا چىققاندىن كېيىن ئاندىن راسا يۈگۈرىمىز. يەنە بىر ئىش ئېسىڭدە بولسۇنكى، بەمبى بالام، ئورماندىن چىققاندىن كېيىن ماڭا قارىماي يۈگۈرەۋەر-گىن. يىقىلىپ چۈشسەممۇ ھەرگىز كارىڭ بولمىسۇن... ئالدىڭغا قاراپ قېچىشنىلا بىل! چۈشەندىڭمۇ بەمبى؟

ئاپىسى دەھشەتلىك ئاۋازلار ئىچىدە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كې-تىپ باراتتى. قىرغاۋۇللار بىردەم قارىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشسا، بىر-دەم پالاقلاپ چىقىپ جان - جەھلى بىلەن قېچىشاتتى. ياۋا توشقان ئائىلىسىدىكىلەر پاتىپاراقچىلىقتا ھېلى ئولتۇرسا، ھېلى قېچىشاتتى.



ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھەم دەھ-شەتلىك ئاۋازلار قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ بولغاچقا، ھېچكىمنىڭمۇ گەپ قىلىشقا رايى قالمىغانىدى.

بەمبى بىلەن ئاپىسى ئىككىسىنىڭ ئالدى تەرىپى ئاستا يورۇشقا، چىتلاقتەك كۆرۈنىدىغان چاتقاللار ئارىسىدىن كەڭرى ئوچۇقچىلىقنىڭ كۆمۈشتەك قارلار يالىلداپ كۆرۈ-نۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن دەرەخ غولىغا تاڭ - تاڭ ئۇرۇلغان، شاخلارنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ھەم-دە «ها - ها»، «ھۇ - ھۇ» قىلغان ئاۋازلار قىستاپ كېلىپ، ئۇلارنى

قاتتىق سارا‌سىمىگە سالماقتا ئىدى.

بۇ چاغدا ياۋا توشقان ئىككى نەۋرە ئىنىسى بىلەن ئۈلارنىڭ قې-شىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكىنىچە ئورماندىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئۈلارمۇ ئاشۇ ئوچۇقچىلىققا چىقماقچى ئىدى. «پاك! پاك! پاك!» بۇ ئاۋاز بىلەن پۈتكۈل ئورمان لەرزىگە كەلدى. بەمبى توشقان دوستى-نىڭ يېرىم يولغا بارا - بارمايلا موللاق ئېتىپ يىقىلغانلىقىنى ئۆز كۆ-زى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. ئۇ، ئاپپاق قورسىقى ئاسمانغا بولۇپ بىر-دەم تارتىشقاندىن كېيىن جىمىدە بولۇپ قالدى. بەمبى ئۈنىڭغا قا-رىغىنىچە ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

بەمبىنىڭ ئارقىسىدىن:

— ئۈلار ئاشۇ يەردە! ھەممىسى سىرتقا قاچقىلى تۇردى! — دې-گەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بىردىنلا پالاقلاپ قانات قاققان، چىرقىرىغان، يىغلاشقان ئا-ۋازلار ئاڭلىنىپ، بىر توپ قىرغاۋۇل خۇددى باغلاپ قويۇلغاندەك كۆككە تەڭلا كۆتۈرۈلدى. شۇ ئان ھاۋا ئارقا - ئارقىدىن گۈمبۈرلى-گەن ئاۋازلار بىلەن تىنىما - تىنىما بولۇپ كەتكەندەك بولدى. ئارقى-دىنلا قىرغاۋۇللارنىڭ يەرگە پوكۇلداپ چۈشكەن، جان تالىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

بەمبى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى - دە، «ئۇ»نى كۆردى. «ئۇ» تۇيۇقسىز چاتقاللىقتىن ئېتىلىپ چىقتى. ھوي، بۇ تەرەپ، ئۇ تەرەپ، ھەممىلا يەردە «ئۇ» تۇرىدىغۇ. «ئۇ»لار ھېلى ئوڭدا، ھېلى سولدا، ھېلى ئالدىدا، ھېلى ئارقىدا، ئەتراپىدىكى چاتقاللارنى ئۇرۇپ - چەيلەشكىنىچە قورقۇنچلۇق ئا-ۋاز چىقارماقتا ئىدى.

— يۈر! — دېدى ئاپىسى بەمبىگە، — ئالدىنغا قاراپ قا-چايلى! ماڭا ئەگەش، ئەمما سەل ئارىلىق قالسۇن! — ئاپىسى شۇنداق دەپ بىرلا ئىرغىپ ئورمان سىرتىغا چىقىپ بولدى - دە، تۇياقلىرىدىن قار توزۇتقىنىچە ئۇچقاندەك چاپتى. بەمبى

ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي چاپتى. تۇيۇقسىز ئاسمان گۈمۈرۈ-
لۈپ، يەر يېرىلغاندەك ئەتراپتىن «پاڭ ـ پۇڭ» ئاۋازلار ئاڭلىنىپ،
ئۇلار قورشاۋدا قالدى. بەمبى ھېچنېمىگە قارىماي قاچىۋەردى. ئۇ بۇ
پاراكەندىچىلىكتىن، دەمنى سىقىدىغان بۇ پۇراق، قورشاۋلاردىن قۇ-
تۇلۇپ، جېنىنى ئامان ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى-
دىكى بۇ خىل تۇغما قابىلىيەت شۇ تاپتا رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرغانىدى. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن قېچىپ كېتىۋېتىپ ئاپىسى-
نىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلىپ قالدى. لېكىن كۆزلىرى تور-
لىشىپ، ئۇنىڭ راست ئاپىسى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمىدى. ئەترا-
پىدىكى دەھشەتلىك ئاۋازلار باشقا قورقۇنچلارنىڭ ھەممىسىنى بې-
سىپ كەتكەچكە، ئۇ ئويلىنىشقا، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى پەرقلەن-
دۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي جان ـ جەھلى بىلەن قاچىۋەردى.

بەمبى ئاخىر ئۇ ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتۈپ، يەنە بىر دەرەخزارلىققا
كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ قۇلاقنى
يارغۇدەك «پاڭ ـ پۇڭ» ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، مۆلدۈردەك قاتتىق
نەرسىلەر بەمبىنىڭ باش ئۈستىدىكى دەرەخ شاخلىرىغا قاراس ـ قۇ-
رۇس تەگكەندىن كېيىن ئەتراپ يەنە جىمجىت بولۇپ قالدى. بەمبى
توختىماي قاچىۋەردى. جان ئۈزۈۋاتقان بىر قىرغاۋۇل قاردا بويىنى
ساڭگىلىغىنىچە قاناتلىرىنى ھالسىز پالاقشىتىۋاتاتتى. بەمبىنىڭ كەلگەن-
لىكىنى ئاڭلاپ ئۇ تىركىشىشتىن توختىدى ـ دە، زەئىپ ئاۋازدا: «تۈ-
گەشتى...» دېدى. لېكىن بەمبى ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قاچى-
ۋەردى. قويۇق بىر چاتقاللىققا كىرگەندىن كېيىن، ئىرماش ـ چىرماش
شاخ ـ شۇمبىلار يولىنى توسۇپ، چىقىر يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر
بولدى. شۇنداقتىمۇ پۇتلىرى بىلەن شاخلارنى قايرىپ ئىتتىك
مېڭىشقا ئالدىرىدى. «بۇ تەرەپكە ئايلىنىپ كەل» دېدى بىرەي-
لەن. قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇ ئارانلا شۇنى دېيەلىدى.

بەمبى ئىختىيارسىز ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بىر-
دەمدىلا ئۇ جايغا ئۆتىدىغان يول تاپتى. ئالدىدا ياۋا توش-

قانىنىڭ خوتۇنى تۇراتتى، بايا ئۇنى چاقىرغان شۇ ئىكەن.

— ياردەم قىل، بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

بەمبى ئۇنىڭغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان ئارقا پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە قاردا تىركەشمەكتە ئىدى. قېشىدىكى قارلار قاندىن قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنىدى.



— ياردەم قىلغىنىچۇ؟ — دېدى توشقان گېپىنى تەكرارلاپ. ئەمما گەپ قىلغاندىكى تۇرقى ناھايىتى ساغلام، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەتتا ناھايىتى خۇشالدەك كۆرۈنەتتى.

— نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەسلىدىغۇ بەك قورقۇپ كېتىدىغان ئىشمۇ ئەمەستى... ئەممازە ھازىر... يول ماڭالمايۋەتىمەن... — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ بىر يانغا يىقىلىپ چۈشتى - دە، جان ئۈزدى.

بەمبىنىڭ تېنى يەنە جۇغۇلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال پۇتلىرىنى بۇراپلا ئوقتەك چاپتى.

— بەمبى!

بەمبى دەرھال يۈگۈرۈشتىن توختىدى. بۇ ئاغىنىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بەمبى... بۇ سەنمۇ؟ — ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

يېقىنلا جايدا گېبىر قاردا ياتاتتى. ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىدىن، تۇرغۇدەكمۇ، بېشىنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ماجالى يوق، دەپنە قىلىنىشنى كۈتۈپ ياتقان جەسەتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بەمبى دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— گېبىر، ئاپاڭ قېنى؟ — سورىدى ئۇ ھاسراپ تۇرۇپ، — قالىنەچۇ؟ — بەمبى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن بەك تېز سۆزلىدى.

يۈرىكىمۇ تېخىچىلا ۋەھىمىلىك دۈپۈلدەيتتى.

— ئاپام بىلەن فالىنە ئامال بولمىغانلىقتىن مېنى تاشلاپ كەتتى، — دېدى گېببېر ئىللىق تۇستە. ئۇنىڭ ئاۋازى جانسىز بولسىمۇ، لېكىن چوڭلارنىڭكىدەك ۋەزمىن ھەم سۇر - ھەيۋە بىلەن تولغانىدى.

— مەن بولالمىدىم، شۇڭا مېنى مۇشۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. سەنمۇ كەتمىسەڭ بولمايدۇ بەمبى.

— ئورنۇڭدىن تۇر! — دەپ ۋارقىرىدى بەمبى، — تۇر دەۋاتىمەن گېببېر! شۇنچىلىك ئارام ئالغىنىڭ يېتەر. ئەمدى ۋاقىت قالمىدى! تېز مەن بىلەن قاچ!

— بولمايدۇ، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى گېببېر، — ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن، ئەمدى ئامال يوق. مېنىڭمۇ سەن بىلەن بىللە قېچىپ كەتكۈم بار، بەمبى، لېكىن بەك ئاجىزلاپ كەتتىم، ماڭا ئىشەنگىن.

— ئەمسە قانداق قىلىسەن؟ — سورىدى بەمبى.

— بىلمەيمەن. بەلكىم ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، — دېدى گېببېر نەق گەپنىلا قىلىپ.

يېقىنلا جايدا يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، «پاڭ - پۇڭ» ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بۇ تەرەپكە قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. بەمبى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغدا دەرەخلەر شالدۇر - شۇلدۇر قىلىپ، قاردا يۈگۈرۈۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەسلىدە ياش كالىس قېچىپ كېلىۋاتقانىكەن.

— تېز قاچ! — بەمبىنى كۆرۈپلا ئۇ شۇنداق دەپ توۋلىدى، — قاچالىغۇدەكلا بولساڭ قاچ، قاراپ تۇرما!

كالىسنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي قېچىشى سەگىتتى بولغاي، بەمبى ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى ھەم ھېچنېمىنى ئويلىماي قېچىش بىلەنلا بولدى. شۇڭلاشقا خېلىدىن كېيىن گېببېر بىلەن خوشلاشمىغىنى يادىغا يەتتى - دە: «خەير خوش، گېببېر، ئامان بولغايسەن» دېدى. لېكىن ئۇ بەك يىراقلاپ كەتكەچكە، بۇ سۆزنى گېببېر ئاڭلىمىدى.



بەمبى چىرقىراشقان ۋە «پاك ـ پۇك» قىلغان ئاۋازلار بىلەن تولغان ئورماندا تاكى كەچقۇرۇنغىچە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قېچىپ يۈردى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ئورمان جىمجىت بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەيىن شامال ئەتراپتىكى قان ھىدىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم تېخىچىلا ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن بەمبىنىڭ تۇنجى ئۇچراتقان تونۇشى روننو بولدى. ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ يامان بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئاۋۇ ئورماندا، — دېدى روننو بەمبىگە، — تۆلكە يارىلىنىپ قىزىپ قاپتۇ. بايىلا قېشىدىن ئۆتكىنىمدە ئاغرىقتا چىدىماي قار چايناپ، تۇپراقنى غاجىغىلى تۇرۇپتۇ. ھەي، بەك قورقۇنچلۇق.

— ئاپامنى كۆردۈڭمۇ؟ — سورىدى بەمبى.

— ياق، — روننو گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دەرھال نېرى كەتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا بەمبى نەتىللا خانىم بىلەن فالىنەنى ئۇچراتتى. ئۇچەيلەن جەم بولغىنىدىن خۇش بولۇشۇپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشتى.

— ئاپامنى كۆردىڭىزمۇ؟ — سورىدى بەمبى.



— ياق، — دېدى فالىنە، — مېنىڭ ئاپاممۇ يوق تۇرىدۇ.

— بۇ گەپنى قويۇڭلارچۇ، — دېدى نەتىللا خانىم، — ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرمەكچى بولۇپ بوش ئاۋازدا، — ھەي، مېنى ئەجەب نەس باستى. ئەسلىدە بالام يوق، باقمىغان دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيمەن دەپ ئويلىغانىدىم. مانا ئەمدى بىراقلا ئىككى بالىغا قارايدىغان بولدۇم. ھەي، قانداقمۇ قىلارمەن.

بەمبى بىلەن فالىنە كۈلۈپ كەتتى.

ئاندىن گېپىرنىڭ پارتىگى بولۇندى. بەمبى گېپىرنى كۆرگەن چاغدىكى ئەھۋالنى دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالا ئازابلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. بىراق نەتىللا خانىم ئۇلارنى يىغلىغىلى قويمىدى.

— ئەمدى شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ھەممىدىن مۇھىمى بەرەر نەرسە يەپ قورساقنى ئەستەرلەش. چۈنكى ئاچ قورساق يۆرۈشكە بولمايدۇ ـ دە!

نەتىللا خانىم ئىككى بالىنى شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، يوپۇرماقلىرى تېخى چۈشۈپ كەتمىگەن دەرەخنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپاردى ھەم مېھرىبانلىق بىلەن كۆرسىتىپ، يوپۇرماقلارنى ئۆزى يېمەي، بەمبى بىلەن فالىنەگە يېگۈزدى. يەنە قارلارنى سىيرىپ ئوت ـ چۆپلەرنى چىقارغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىگە:

— يەڭلار... بۇ ئوبدان، — ياكى بولمىسا، — توختاپ تۇرۇڭلار... بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى تېپىپ بېرەي، — دەيتتى. شۇنداقتىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يەنە، — ئەجەب بالاغا قالدىم! ئىككى بالىنى قانداقمۇ باقارمەن! — دەپ غۇدۇراپمۇ قوياتتى.

تۇيۇقسىز ئۇلار ئانىنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئانا چوڭ ئاپا! — دەپ توۋلىۋەتتى بەمبى ئۇنى ھەممىدىن ئاۋۋال تونۇپ. فالىنە قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن «ئاپا!» دېدى ـ دە، ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. لېكىن ئانا چەكسىز ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يىغلاۋاتاتتى.



— گېبىر يوق، — دېدى ئۇ يىغلىغىنىچە، — ئۇنى ئىزدەپ بارسام... ھالسىزلىنىپ يېتىپ قاپتىكەن... قارلىق جايدا... ھازىر ئۇ جايدا يوق... ھەي بىچارە گېبىر بالام...

— بۇ يەردە يىغلاپ ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يۈرگىچە، — دېدى نەتىللا خانىم چالۋاقاپ، — ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئىزدەپ باقمامسەن.

— ئىزىمۇ يوق، — دېدى ئانىنا، — لېكىن... ئۇ يەردە «ئۇ»... «ئۇ» نەرسىلەرنىڭ جىقلا ئاياغ ئىزى بار ئىكەن... — ئانىنا گېبىر ياتقان جايغا بارغانىدى...

ھەممەيلەن جىممىدە بولۇپ قېلىشتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بەمبى غەيرەتلىنىپ سورىدى:

— ئانىنا چوڭ ئايا... ئاپامنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى ئانىنا بوش ئاۋازدا.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بەمبى ئاپىسىنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىدى.





# 11 ـ باب

سۆگەتلەر توزغاق چىقىرىپ، جىمى مەۋجۇدات ئويغىنىشقا باشلاندى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يۇمران بىخلىرى سەھەرنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك جىلمىيىپ ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەنىدى.

بەمبى بىر تۈپ ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، يېڭى ئۆسۈپ چىققان مۈڭگۈزىنى دەرەخ غولىغا سۈركەپ تولىمۇ راھەتلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىنى بىر قەۋەت يۇمشاق پوست ئوراپ تۇراتتى. بۇ نەرسىنى چۈشۈرۈۋەتمەي بولمايتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى ساقلاش بەكلا ئاۋارىگەرچىلىك. بەمبى دەرەخ غولىغا سۈركەۋەرگەنلىكتىن، مۈڭگۈز پوستىنىڭ بەزى يەرلىرى چۈشۈپ كەتتى، بەزى يەرلىرى يىرىلىپ قۇلاق تۈۋىدە ساڭگىلاپ قالغانلىقتىن، ماڭسا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ، مۈڭگۈزىنى ياڭاق دەرىخىدىنمۇ قاتتىق دەپ ئويلىدى بولغاي، ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ ـ غەيرەتكە تولۇپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ياڭاق دەرىخىگە ئۈسەتتى. ئۈسۈۋېرىپ، دەرەخ غولى تىتما ـ تىتما بولۇپ، ئىچىدىكى ئېقى كۆرۈنۈپ قالدى، بۇ ئاق رەڭ ھايال ئۆتمەيلا تۇمۇر دېتى رەڭگىگە ئۆزگەرەتتى. بۇ ئىشى ئۇچۇن ئۇ ئازراقمۇ ئۆكۈنمىدى. دەرەخ غولىنى ئۈسۈپ مۇشۇنداق قىلىۋېتەلىگەنلىكىدىن خۇشال بولماقتا ئىدى. ئەتراپتىكى بىرمۇنچە ياڭاق ۋە كورنۇس دەرەخلىرىدە ئۇنىڭ مۇشۇنداق تىركىشىشلىرىنىڭ ئىزناسى قېپقالدى.

— ھوي، ئەمدى بولدى قىلغىن... — دېدى يېقىن ئەتراپتا خۇشال بىر ئاۋاز.

بەمبى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

بىر تىيىن نېرىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇيۇقسىز «يا — ھا!» دەپ كۈلگەندەك چىرقىراق ۋە قىسقا ئاۋاز ئاڭلاندى. بەمبى بىلەن تىيىن





چۆچۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ تۆمۈرتۇمشۇق ئىكەن. ئۇ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ تۈم بىر شېخىغا قونۇپ تۇرۇپ يۇ-قىرى ئاۋازدا:

— كەچۈرگىن... مۇشۇ تۇرقۇڭنى كۆرسەملا كۈل-گۈم كېلىدۇ، — دېدى.

— ئەمسە دەپ باققىنا، كۈلگۈڭنى كەلتۈرگەن زادى نېمە ئىش ئۇ؟ — بەمبى ئەدەپ بىلەن سورىدى.

— ماقۇل، دەپ بېرەي، — تۆمۈرتۇمشۇق ئۆز قارىشىنى سۆز-لەشكە باشلىدى، — دەسلەپتىلا خاتا قىلدىڭ. ئالدى بىلەن يوغان دەرەخنى تېپىپ ئۇسسەڭ بولاتتى. مۇنداق ئىنچىكە ياغاچ دەرىخىگە ئۇسۇپ نېمىگە ئېرىشمەكچىتىڭ؟

— نېمىگە ئېرىشسەم بولاتتى؟ — سورىدى بەمبى.

— قوڭغۇز تۇتىماسمەن... — تۆمۈرتۇمشۇق ئۆزىنى تۇتۇۋالال-ماي يەنە كۈلۈپ سالدى، — قوڭغۇز، تۇكلۇك قۇرت... بۇلارنى تۇ-تۇش ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن! — ئۇ كاۋچۇك دەرىخىنى دۇمباق چالغاندەك توكۇلدىتىپ چوقۇشقا باشلىدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەنوي؟ — دېدى تىپىن ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بارغىنىچە ئەيىبلەپ، — شاھزادە قوڭغۇز، تۇكلۇك قۇرت دېگەنلەرنىڭنى ئىزدەۋاتقىنى يوق...

— نېمىشقا ئىزدىسە بولمايدىكەن؟

— دېدى تۆمۈرتۇمشۇق قىقىلاپ كۈلگە-نىچە، — بۇلار بەك تەملىك... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئاغزىغا بىر تال قوڭغۇزنى سېلىپ يەۋەتتى.

— بۇنى سەن چۈشەنمەيسەن، — دېدى تىپىن ئۇنى ئەيىبلەپ، — شاھزادە دېگەن ئېسىلزادىلەردىن، ئۇنىڭ ئىزدەيدى-



غنى ئادەتتىكى خەقنىڭكىگە ئوخشمايدىغان يۇكسەك نىشان... بول-
دى، بۇنداق تېتىقسىز گەپلىرىڭنى قوي.
— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇق، —
مەن ئۇنداق يۇكسەك نىشان دېگەنلەرگە قىزىقمايمەن، — ئۇ پېتى-
دىن چۈشمەي تۇرۇپ شۇنداق دېدى - دە، ئۇچۇپ كەتتى. تىيىنمۇ
شۇ ئان شارتتىدە يۇگۈرۈپ قايتىپ چۈشتى.
— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ. چىرايىدىن قىزىققاقلىق چى-
قىپ تۇراتتى، — تونۇيدىغاندەك قىلىمەن، — بەمبى ئەدەپ بىلەن
جاۋاب بەردى، — سەن مۇشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرىسەن... —
بەمبى كاۋچۇك دەرىخنى كۆرسەتتى.
— مومام ئىككىمىزنى ئاربلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىسەن، — دېدى تى-
يىن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ باققىنچە، — بەمبى شاھزادە، كىچىك چې-
غىڭدا ئۇ مۇشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا دائىم سېنىڭ گېپىڭنى
قىلىپ بېرەتتى. شۇنداق... لېكىن ئۇنى كېيىن بۈلگۈن ئۆلتۈرۈۋەت-
تى... بۇرۇن، قىش مەزگىلىدە... بۇ ئىش ھېلىمۇ ئېسىڭدىدۇ؟
— ئېسىمدە، — دېدى بەمبى بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇ ئىشنى
ئاڭلىغان.
— ھەي... كېيىنچە دادام مۇشۇ يەردە تۇردى، — دېدى تىيىن
رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى ئاپپاق كۆكسىگە ئەدەپ بىلەن قويۇ-
غىنىچە كۆزلىرىنى پار - پار پارقىرىتىپ، — لېكىن... سەن مېنىڭ بى-
لەن دادامنىمۇ ئاربلاشتۇرۇۋالغاندەك قىلىسەن... دادامنى تو-
نۇمسەن؟
— بەك ئەپسۇس، — دېدى بەمبى، — بۇنىڭغا پۇرسەت
بولمىدى.
— مېنىڭچىمۇ شۇنداق! — دېدى تىيىن قانائەت تې-
پىپ، — دادام بەك جىمغۇر ھەم قورقۇنچاق، باشقىلار
بىلەن زادىلا ئاربلاشمايدۇ.
— ئۇ ھازىر قەيەردە؟ — سورىدى بەمبى.



— ھەي، — تېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — بىر ئاي
ئىلگىرى ئۇنى مۇشۇ كىياپىلاق چىشلەپ ئەكەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ
يەردە ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ يەردىن مەن بەك را-
زى، مەن دەل مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان.

بەمبى بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولدى.

— توختاپ تۇر، — دېدى تېيىن دەرھال، — ئەسلىدە بۇلارنى دېگۈم يوق ئىدى، سېنىڭ بىلەن باشقا ئىشنى پاراڭلاشماقچى ئىدىم.

بەمبى توختىدى.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى بەمبى سەۋرچانلىق بىلەن.

— ھە... نېمە ئىشتى؟ — تېيىن ئويلاۋېتىپ تۇيۇقسىز لىككىدە سەكرىدى - دە، چىرايلىق قۇيرۇقىغا يۆلەنگىنىچە رۇسلىنىپ ئولتۇ-رۇپ بەمبىگە قارىدى، — توغرا! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. بايا ساڭا ئۇزاققا قالماي مۈڭگۈزۈڭ ياخشىلىنىپ، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ دېمەكچىدىم.

— سىزچە شۇنداق بولارمۇ؟ — بەمبى بۇ گەپتىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكەندى.

— راست، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ! — دېدى تېيىن ھايا-جانلانغىنىدىن قۇللىرىنى ئاپپاق كۆكسىگە قويۇپ، — شۇنداق ئېگىز! شۇنچىلىك ھەيۋەت! شاخلىرىمۇ شۇنداق ئۇزۇن ھەم پارقىراق! ھەققەتەن ئېسىل!



— راستما؟ — سورىدى بەمبى ھەم خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن دەرھال ياڭاق دەرىخىگە ئۇسۇپ قوۋزىقىنى چۇل - چۇل قىلغىلى تۇردى. تېيىن ئۇنىڭغا

قارىغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— راست دەۋاتىمەن، باشقا بۇغىچاقلار سەنچىلىك بولغاندا بۇنچىلىك چىرايلىق مۈڭگۈزى بولۇپ باقمىغان. سېنى بۇلتۇر يازدا كۆرگەنلەر — مەن سېنى يىراقتىن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ باققان — هازىر بۇ تۇرقۇڭنى كۆرسە، سېنىڭ ئاشۇ ۋىجىك بايقۇش ئىكەنلىكىڭگە ئەسلا ئىشەنمەيدۇ...

بەمبى تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

— خوش ئەمسە، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — مەن ماڭاي! — شۇنداق دەپلا ئۇ كېتىپ قالدى.

بەمبىنىڭ بۇلتۇر يازدىكى ئىشلارنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بەختسىز كۈنلەر هېسابلىناتتى. دەسلەپتە ئاپىسى يوقاپ كېتىپ ئۆزىنى تولىمۇ يالغۇز هېس قىلدى. كېيىن ئۇزاق هەم جاپالىق قىش باشلىنىپ، يازغا ئۇلاشماق بەكلا تەسكە توختىدى. نەتىللا خانىم بولمىغان بولسا، ئۇ قانداق قىلاتتىكىنتاڭ؟ نەتىللا خانىم ئۇنىڭغا مېهرىنى بېرىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىنى ئايىمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يالغۇزلۇق هېس قىلىپ، كۈنلەرنى بەك تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گوبىر هېلىدىن - هېلىغا ئېغىسىگە كېلىۋالاتتى. بىچارە گوبىر باشقا شېرىكلىرىگە ئوخشاش چوقۇم ئۆلۈپ كەتتى. ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ گوبىر بىلەن پات - پات كۆرۈشكۈسى كېلىپ تۇراتتى. گوبىردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ نەقەدەر ئوماق ۋە ياخشىلىقىنى بىلدى. فالىنەمۇ دائىم ئاپىسى بىلەن بىللە يۈرىدىغان هەم بەك تارتىنچاق بولغاچقا، ناهايىتى ئاز ئۇچرايتتى. كېيىنچە هاۋا ئىللىغاندىن كېيىن بەمبى ماغدۇرىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ يېڭى ئۆسۈپ چىققان مۈڭگۈزىنى سۈركەپ ئىتتىكلىتىپ تۇراتتى هەم بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. لېكىن كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. باشقا مۈڭگۈزلۈك بۇغىلار بەمبىنى كۆرسىلا قوغلاپ، غەزەپ بىلەن ئۇنى قوغلاپ، هېچكىمگە يېقىن يولاتمايتتى هەم ئۇنى بوزەك قىلاتتى. ئاخىر بېرىپ

بەمبى ئۇلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان،
خىلۋەت چىغىر يوللاردا ئىچى سىقىلغىنىچە ئۇن ـ تىنىسىز يالغۇز يۈ-
رىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنىنىڭ ئىسسىقىغا ئەگىشىپ قەلبىنى قانداق-
تۇر بىر ئىستەك مۇجۇپ، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزغىلى تۇردى. بۇ ھەم
ئازابلىق، ھەم ھۇزۇرلۇق تۇيغۇ ئىدى. ھەر قېتىم فالىنە ياكى باشقا
بىرەر قىز دوستىنى ئۇچرىتىپ قالسا، نېمىشقىدۇر ۋۇجۇدىغا ئىللىق
سېزىم يۈگۈرۈپ ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان، ئۇلارغا ئوغرىلىقچە قاراي-
دىغان بولۇپ قالدى. بەمبى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بەك ئاسان تونۇۋالات-
تى. بەزىدە ھىدلاپلا ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالات-
تى. تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ ئۇنى
ئۇلارغا يېقىنلىششقا جەلپ قىلىپ تۇرماقتا. لېكىن ئۇ ئارزۇسىغا بېقىپ
ئۇلارنىڭ قېشىغا بارسىلا، نارازىلىقىقا ئۇچرايتتى. ھېچكىمنى تاپالماي
تولا قاتراپ ھېرىپ قالغانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يۈر-
گەنلىكىنى بىلەتتى. بەزىدە ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك
ئەبلەخلەر يولىنى توسۇپ، ئۇنى ئۈسۈپ ۋە
تېپىپ رەھىمسىزلەرچە قوغلىۋېتەتتى.
ھەممىدىن ئەسكىسى رونىو بىلەن كا-
لىس ئىدى. ھەي، مۈشۈمۈ كۈن
بولدىمۇ.
مانا ئەمدى تېپىن نادانلىق قى-
لىپ، ئاشۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئېسىگە
سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا
ئۇنىڭ مىجەزى قوداڭشىپ، ئەسەبىيلەرچە چاپقىلى تۇردى.
چاتقاللىقلار تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇركۈپ كەت-
كەن چۈمچۈق بىلەن شاخسانىغۇچلار پالاق ـ پۇلۇق
ئۇچۇپ چىقىشتى ـ دە، بىر ـ بىرسىدىن: «بۇ كىمۇ؟
... بايا يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن زادى كىم؟»
دەپ سورىشىپ كەتتى. بىراق ئۇلارنىڭ گېپى بەم-

بىنىڭ قۇلىقىغا كىرەر ئەمەس. بىر سېغىزخان: «بىرەر ئىش بوپتىما؟» دەپ شاراقلىسا، بىر ئالا قاغا: «نېمە ئىشكەن؟» دەپ سوردى. لېكىن بەمبىنىڭ بۇلارغىمۇ قارار كۆزى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر سوپىسوپىياڭ بىر دەرەختىن يەنە بىر دەرەخكە ئۇچۇپ بارغۇچە: «خەيرلىك ئەتىگەن ... مەن ــ بەك خۇشال...» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بەمبىنىڭ ھېچ كارى بولمىدى.

كۈن نۇرى ئورمانىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭغىچە تور تارتقان بولۇپ، ھەممىلا يەر يورۇق ھەم گۈزەل بولسىمۇ، يەنىلا بەمبىنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاياغ تۈۋىدىن ئەنسىز قاقاقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ رەڭدار ھەسەن ـ ھۈسەن چاقناپ، كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال مېڭىشتىن توختىدى. ئەسلىدە قىرغاۋۇل يانىرو ئۈركۈپ كېتىپ ئۇچۇپ قاچقانىكەن. بەمبى ئۇنى دەسسىۋالغىلى قىل قالغاچقا، قىرغاۋۇل قاچقاچ ئۇنى تىللىماقتا ئىدى.

ــ بەك شاتراق نېمىكەنسەن! ــ دېدى يانىرو كېكەچلىگىنىچە چىرقىراپ تۇرۇپ. بەمبى مەڭدىگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ دېگەنىبلەن ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ھېچ ئىش بولمىدى. بىراق سەن بەكلا قارام ئىكەنسەن... ــ بەمبىنىڭ تۈيغىنىڭ قېشىدىن «قىقى، قۇقۇ» قىلغان يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەسلىدە بۇ يانىرىنى بولۇپ، بايا ئۇچۇپ كەتكەن يانىرونىڭ خانىمى ئىكەن. ئۇ زوڭزىيىپ تۇخۇم تۇغۇۋاتقانىكەن، ــ ئېرىمنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتىڭ، ــ ئۇ ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى، ــ مەنمۇ ھەم شۇ، لېكىن مىدىرلاشقا ئامالسىز قالدىم... مەيلى نېمىلا ئىش بولسۇن، ھەتتا مېنى چەيلىۋەتسەڭمۇ، ھەرگىز مىدىرلىسام بولمايدۇ...



بەمبى سەل خىجىل بولۇپ قالدى.

— كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ، — دىققەت قىلماپتىمەن.

— ھە، ھېچقىسى يوق! — دېدى يانېرىنى، — ئەمەلىيەتتىغۇ ئىش ئۇنچىۋالا ئېغىرمۇ ئەمەستى. ئېرىم ئىككىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيان نېرۋىمىز بەكلا سەزگۈر بولۇپ كەتتى، بۇنى توغرا چۈشىنەرسەن...

بەمبى بۇنىڭ زادى نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي ئالدىغا ماڭىۋەردى. ھازىر ھەممە ئۆز جىمجىتلىقىغا قايتقان، ئەتراپىدىكى ئورماندىن نەغمە - ناۋالار ئاڭلىنىپ تۇرماقتا، كۈن نۇرى شۇ قەدەر جىلۋىلىك ھەم ئىللىق؛ چاتقال يوپۇرماقلىرى، يېشىل ئوت - چۆپلەر ۋە نەم تۇپراقتىن خۇش پۇراقلار گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇرماقتا. بەمبىنىڭ ۋۇجۇدى ياشلىق كۈچى ۋە قايناق ھاياجانغا تولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېچبىر مەقسەتسىز، ياغاچ قونچاقتەك ئېغىر قەدەم ئېلىپ ئاستا ئايلىنىپ يۈردى.

پاكار بىر بۇزۇن دەرىخىنىڭ ئالدىدا ئۇ كۆكرىكىنى كېرىپ تۇرۇپ يەرگە بىرنى چاپچىغانىدى، توپىلار چاچراپ، يېشىل ئوت - چۆپلەر تۇيۇقسىنىڭ ئۆتكۈر قىرىدا پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ياۋا كۆك پۇرچاق، تاغ پىيىزى، رۇخسار گۈل، قار لەيلىسى قاتارلىقلار قومۇرۇلۇپ، تېگىدىكى تۇپراق ئېچىلىپ قالدى. بەمبى ھەر قېتىم يەرنى چاپچىغاندا دوك - دوك ئاۋاز چىقاتتى.

قېرى بىر تۈپ بۇرجۇن دەرىخىنىڭ ئىرماش - چىرماش يىلتىزلىرىدا قوغلىشىپ ئويناۋاتقان ئىككى ئاغمىخان سىرتتىكى شەپىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، باشلىرىنى سوزۇشۇپ بەمبىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.



— ھەي! ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى قارىمامسەن، نېمىدېگەن كۈلكىلىك ھەم بىمەنە! — دېدى بىر ئاغمىخان چىرىلداپ، — ئۇۋۇنىمۇ مۇشۇنداق كولىغان بارمۇ...

— ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن، — دېدى يەنە

بىرنمۇ كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرگىنىچە مازاق قىلىپ كۇلۇپ، — سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن... بەزىلەر مانا مۇشۇنداق، ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ زورلۇق قىلىشنىلا بىلىدۇ.

تۇيۇقسىز بەمبى ھەرىكەتتىن توختاپ، بېشىنى كۆتۈرگىنىچە زەن قويۇپ تىڭشاپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىلىرىدىن ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. شاخلار ئارىسىدىن قىزىل بىر تەن غىل - پال ئۆتۈپ، بىر جۈپ مۆڭگۈز ئۇچى سۇس يالتىرىدى. بەمبى يەنە كىم ئەسكىلىك قىلماقچىدۇ، رونىنومۇ، كالىسمۇ ياكى باشقا بىرلىرى ئۇسكىلى كەلگەنمىدۇ دەپ ئاچچىقىدا دىمىقىنى قېقىپ قويدى. ئاندىن، ئۇلاردىن قورقمايدىغانلىقىمنى بىر كۆرسىتىپ قويايچۇ، قېنى كىم يامانكىن دەپ ئېتىلىپ باردى.

چاتقاللىق كۈچلۈك سوقۇلۇشتىن شالدىر - شۇلدۇر قىلىپ كەتتى، شاخلار قاراس - قۇرۇس سۇندى. بەمبىنىڭ كۆز ئالدى غۇۋا، كۆڭلىدە «ئۇسمەن!» دېگەندىن باشقا ئوي بولمىغاچقا، ئالدىدا تۇرغاننىڭ زادى كىملىكىنى تونۇمىدى. ئۇ، مۆڭگۈزلىرىنى پەسلىتىپ، پۈتۈن كۈچىنى بوينىغا يىغىپ ھۇجۇم قىلىشقا تەخ بولدى. بۇ چاغدا رەقىبىنىڭ يۇڭلىرىنى پۇراپ، كۆزىگە تامدەك يوغان قىزىل بىر نەرسە كۆرۈندى. ئويلىمىغان يەردىن رەقىبى ئۆزىنى بوشقىنا بىر چەتكە ئالغاندى، ئېتىلىپ بارغان بەمبى ھاۋاغا ئۇسۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي موللاق ئاتقىلى تاس قالدى. مۇدۇرۇلۇپ بېرىپ ئاخىر تۇياقلىرىنى تىرىۋالدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا يەنە ھۇجۇم باشلىدى.

بۇ قېتىم ئۇ ئالدىدا تۇرغاننىڭ باشقا بىرى ئەمەس دەل بۇغا شاھ ئىكەنلىكىنى تونۇدى. شۇ ئان پەرتلا قاچماقچى بولدىيۇ، بۇنداق قىلىشنى نومۇس بىلدى. شۇڭلاشقا چەكسىز خىجالەتچىلىككە پاتقىنىچە جايىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

— نېمە بولدى؟... —

بوشقىنا سورىدى بۇغا شاھ. ئۇنىڭ پەس، ئەمما تەمكىنلىك، سۇر - ھەيۋە چىقىپ تۇرىدىغان ئاۋازىنى ھەر قېتىم ئاڭلىسا بەمبىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى. شۇڭا بۇ قېتىممۇ ئۇ لام - جىم دېمەي جىم تۇردى.

— ھە، نېمە بولدى؟ — بۇغا شاھ سۆزىنى تەكرارلىدى.

— مەن سىزنى... — دېدى بەمبى كېكەچلەپ، — ... مەن... مەن سىزنى رونىنو... يا بولمىسا...

بەمبى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. شۇنداقتىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بۇغا شاھقا تارتىنىپقىنا قارىدى. قارىدى - يۇ تېخىمۇ تەمتىرەپ كەتتى.

قېرى بۇغا شاھ ئۇنىڭ ئالدىدا سۇر - ھەيۋە كۆرسىتىپ جىممىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پۇتۇنلەي ئاقىرىپ كەتكەن، مەغرۇرلۇقىا تولغان ئۇرا كۆزلىرىدىن سۇس نۇر چاقناپ تۇراتتى.



— نېمشقا ئۇسمەيسەن؟ — سورىدى بۇغا شاھ.

ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇۋېتىپ بەمبىنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر تۇيـ-غۇ، چۈشىنىكسىز بىر خىل ھۆرمەت پەيدا بولدى - دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ: چۈنكى مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېمەكچىمۇ بولدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاغزىدىن: «بىلمەيمەن...» دېگەن گەپ چىقتى.

بۇغا شاھ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— سېنى كۆرمىگىنىمگە خېلى زامانلار بوپتۇ، مانا چوپچوڭ، باـ-تۇر بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى.

بەمبى ئۇندىمىدى، ئەمما خۇش بولغىنىدىن تىترەپ كەتتى.

بۇغا شاھ ئالدىغا بىر قەدەم بېسىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەندە بەمبىگە يېقىن كېلىپ: «قەيسەررەك بول...» دېدى. بەمبى بۇنىڭدىن ھەيران قالدى.

بۇغا شاھ شۇنداق دېدى - دە، بىردەمدىلا كۆزدىن يىتتى.

بەمبى خېلىغىچە جىمجىت تۇرۇپ قالدى.



# 12 ـ باب

تومۇز مەزگىلى يېتىپ، ھاۋا تونۇردەك ئىسسىقلى تۇردى. بەمبىنىڭ قەلبىدە ھېلىقىدەك ئىستەك يەنە باش كۆتۈردى، يەنە كېلىپ بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىنى قىزىتىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئورماندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا قاتراشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ فالىنەنى ئۇچرىتىپ قالدى. بۇنى ئۇ ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. يوشۇرۇن ئىستەكنىڭ غىدىقلىشىدا ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بىھوشلىنىپ، سەزگۈ ئەزالىرى سەزگۈرلۈكىنى يوقاتقانىدى. شۇڭلاشقا فالىنەنىمۇ تونۇماي قالدى. مانا ئەمدى ئۇ بەمبىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بەمبى ئۇنىڭغا خېلىغىچە سەپسىلىپ قاراپ تۇردى، لېكىن گەپ قىلالمىدى. ئاخىر ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا:

— فالىنە، بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز... — دېدى.

— مېنى تونۇيدىكەنسىز ـ ھە؟ — دېدى فالىنە ئۇنىڭغا دوق قىلىپ.

— تونۇمامدىكى! — دېدى بەمبى، — ئىككىمىز بىللە چوڭ بولغان تۇرساق.

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق زامانلار بوپتۇ، — دېدى فالىنە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئاندىن يەنە بۇرۇنقىدەك شوخ ۋە نازلىق تەلەپپۇزدا مونۇ جۈملىنى قوشۇپ قويدى، — ... بىر ـ بىرىمىزنى تونۇمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇق.

مانا ئەمدى ئۇ ئىككىسى يەنە جەم بولغانىدى.

— بۇ چېغىر يول، — بەمبى بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كىچىك ۋاقتىمدا ئاپام ئىككىمىز مۇشۇ يولدا بىللە ماڭاتتۇق...



— بۇ يول ئوتلاققا بارىدۇ، — دېدى فالىنە.

— ئاشۇ ئوتلاقتا سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن، — دېدى بەمبى ئەستايىدىللىق بىلەن، — ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى فالىنە، — مەن، يەنە گېبىرمۇ بار ئىدى، — ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى، — ھەي بىچارە گېبىر.

— ھەي ئىسىت، — دېدى بەمبىمۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ، «ئېسىڭىزدىمۇ؟» دەپ سوراشقىلى تۇردى. ئەلۋەتتە، بالىلىق مەزگىلدىكى ئىشلىرى ئۇلار ئۈچۈن بەش قولدەك ئايان ھەم بۇ ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىش بەك كۆڭۈللۈك.

— ئاشۇ ئوتلاقتا، — دېدى بەمبى ئەسلەپ، — بىز «سارىڭ چۈجە ئەپقېچىشى» دېگەن ئويۇننى ئوينىغان... شۇ ئىش ئېسىڭىزدىمىكىن؟

— بۇ ئويۇننى مۇنداق ئوينايتتۇققۇ... — فالىنە شۇنداق دېگەچ قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. بەمبى ئۇنىڭغا بىرپەس ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغاندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، دەرھال ئارقىسىدىن چاپتى، — توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن.

— توختىيالمايمەن، — دېدى فالىنە ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، — يەنە باشقا ئىشلىرىم بار! — ئۇ يېنىك قەدەملەر بىلەن نەچچىنى تاقلاپ-چاتقاللىق ۋە ئوت-چۆپلەرنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. بەمبى ئاخىر ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ يولىنى توستى. ئاندىن ئۇلار خۇش بولۇپ كۈلۈشكىنىچە ياندىشىپ تۇرۇشتى.

فالىنە بەدىنىگە تىكەن كىرىپ كەتكەندەك تۇيۇقسىز تاقلىدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. بەمبى ئۇنى قوغلىدى. فالىنە ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ بەمبىگە زادىلا تۇتۇق بەرمەيتتى.

— توختاڭ! — دەيتتى بەمبى ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە، — بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭچۇ... سىزدىن سورايدىغان ئىشىم بار ئىدى.

— نېمە ئىشتى؟ — سورىدى فالىنە توختىغاندىن كېيىن ئەجەبلىنىپ.





بەمبى ئۇندىمىدى.

— ھوي، مېنى ئالدىماڭ جۇمۇك... — فالىنە شۇنداق دەپلا بۇرىلىپ ماڭماقچى بولدى.

— ماڭماڭ! — دېدى بەمبى ئۇنى يەنە توسۇپ، — تۇرۇپ تۇرۇڭ... سىزدىن سورىماقچى بولغىنىم... فالىنە، مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

فالىنە بايىقىدىنمۇ ھەيران بولغان ھەم ئازراق تەقەززالىق ئارىلاشقان قىياپەتتە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى:

— بىلمەيمەن.

— سىز بىلىسىز، — دېدى بەمبى جىددىيلىشىپ، — چوقۇم بىلىسىز! كۆڭلۈمگە شۇ ئايانكى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كۆرگەندىمۇ ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن. فالىنە، ئەمدى سىز دەڭ، مېنى ياخشى كۆرەمسىز، كۆرمەمسىز؟

— بەلكىم ياخشى كۆرىدىغاندۇرمەن، — دېدى فالىنە پەرۋاسىز ھالدا.

— ئەمسە مەڭگۈ مەن بىللە ئۆتۈشنى خالامسىز؟ — سورىدى بەمبى ھاياجانلىنىپ.

— ناۋادا مەندىن ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالسىڭىز... — دېدى فالىنە خۇش بولۇپ.

— ئەمسە سىزدىن ئۆتۈنەي، فالىنە! قەدىرلىكىم، گۈزىلىم فالىنە، — بەمبى ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى، — ئاڭلاۋاتامسىز، مانا چىن دىلىمدىن سىزدىن ئۆتۈنۈۋاتىمەن!

— ئەمسە سىز بىلەن بىللە ئۆتەي، — دېدى فالىنە مۇلايىم ئاھاڭدا. ئاندىن قېچىپ كەتتى.

بەمبى خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن، يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك ئۇنى قوغلاپ كەتتى. فالىنە قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ ئوتلاقتىن ئۆتتى - دە، تۇيۇقسىزلا قايرىلىپ ئورمانغا كىرىپ كەتتى. بەمبى ئورمانغا بۇرۇلاي دەپ تۇرۇشىغا شالدۇر - شۇلدۇر ئاۋاز بىلەن تەڭ كالىس سەكرەپ چىقتى.

— توختا! — دېدى ئۇ جەھلى بىلەن ۋارقىراپ.



بەمبى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي فالىنەنى قوغلاۋەرمەكچى بولدى.

— مېنى ماڭغىلى قوي، — دېدى بەمبى ئالدىراپ، — سېنىڭ بىلەن گەپ تالاشقىلى ۋاقتىم يوق.

— يوقال! — كالىس ئاچچىقىغا پايلىماي ئېتىلىپ كەلگىنىچە ۋارقىرىدى، — دەرھال كۆزۈمدىن يوقال دەۋاتىمەن! فالىنەنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان بولساڭ ئەدىپىڭنى يەيسەن!

بۇلتۇر يازدىكى كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ چاغدا كالىس ئۇنى قوغلاپ ئارام بەرمىگەنىدى. شۇلارنى ئويلاپ بەمبىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى ـ دە، ئۈندىمەستىن مۈڭگۈزىنى ئۇچلاپ كالىسقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.



بەمبى شۇ قەدەر زەرب بىلەن ئۈستىكى، كالىس نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ بولغۇچە ئوتلاققا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە بەمبى يەنە بىر قېتىم غەزەپ بىلەن ئۈسكەنىدى، بېشى ئايلىنىپلا كەتتى.

— بەمبى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بەم... — گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە بەمبىنىڭ مۈڭگۈزى تاغاق سۆڭىكىگە تارسسىدە تەگدى ـ دە، ئاغرىقتىن دېمىنىمۇ چىقىرالماي قالدى.

كالىس لىككىدە ئىرغىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، تۆتىنچى قېتىملىق زەربىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئا-

جىز ئىكەنلىكىنى ھەم بۇنىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇ ئان ئېنىگە تىترەك ئولىشىپ پەرتىتىدە قاچتى. بەمبى ئۇندىمەستىن ئۇنى قوغلاۋەردى. شۇندىلا كالىس بەمبىنىڭ مۇھەببەت ئوچۇن قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭلاشقا قورقۇپ كەتكىنىدىن چىغىر يولدىن چىقىپ، چاتقاللىق ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھېچنېمىنى تالاشقۇسى، ھېچنېمىنى ئويلىغۇسىمۇ يوق، بەمبىنىڭ كەچۈرۈشىگە ئېرىشىپ جېنىم ئامان قالسىلا بولدى دەيتتى.

بۇ چاغدا بەمبى بىردىنلا قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى. ئېسى چىقىپ كەتكەن كالىس چاتقاللىقتىن چاتقاللىققا يۈگۈرەۋېرىپ زادى قانچىلىك يىراققا كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى.

لېكىن بەمبى فالىنەنىڭ ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلاپ قالغاچقا مىدىرلىماي تۇرىۋەردى. ئۇ زەن قويۇپ تىڭشاۋاتقاندا فالىنەنىڭ يەنە ئەنسىز چاقىرغىنىنى ئاڭلاندى. بەمبى شۇ ھامان بۇرىلىپلا ئوقتەك يۈگۈردى.

ئوتلاققا قايتىپ بېرىش بىلەنلا فالىنەنى رونونىڭ دەرەخلىك ئارىسىغا قوغلاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— رونو! — جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى بەمبى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنچىۋالا چىڭ ۋارقىرىيالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

رونو ئاقساق بولغاچقا ئىتتىك يۈگۈرىيەلمەيتتى، شۇڭلاشقا يۈگۈرۈشتىن توختىدى.



— ھوي، — دېدى ئۇ تەلۋىلىك قىلىپ، — بۇغىچاق بەمبىمۇسەن!؟ مېنىڭدە نېمە ئىشىڭ بار؟

— شۇنى دەپ قويايكى، — دېدى بەمبى تەمكىنلىك بىلەن، ئەمما غەزەپتىن پۈتكۈل بەدىنى ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى، — فالىنەنىڭ كەينىگە كىرىۋالما، دەرھال بۇ يەردىن كەت.



— شۇمىتى دەيدىغان گېپىڭ؟ — دېدى رونو ئۇنى مازاق قىلىپ، — پاھ ـ پاھ، قالتىس ئۆكتەم بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ... مۇنداق بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— رونو، — دېدى بەمبى ئاۋازىنى پەسلىتىپ، — ياخشى كۆڭ-
لۈم بىلەن شۇنداق دەۋاتىمەن. ناۋادا ھازىر كېتىۋالمىساڭ، سەل تۇ-
رۇپ قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قالارسەنمىكىن...

— ئوھوي! — دەۋەتتى رونونىڭ بىردىنلا غەزىپى تۇتۇپ، — ماڭا مۇشۇنداق دېيىشكە پېتىنىۋاتامسەن؟ مېنى ئاقساق كۆرۈۋاتامە-
سەن - يا؟ باشقىلارغۇ بۇنى ئەسلا بىلمەيدۇ. كالىس بىچارىنى قور-
قۇتتۇم دەپ ئەمدى ماڭىمۇ قورقاق سالماقچىمۇ سەن؟ ئەڭ ياخشىسى گېپىمنى ئاڭلاپ...

— ئاغزىڭنى يۇم رونو، — بەمبى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلگە تەپتى، — گېپىمنى ئاڭلاپ تېز كېتىۋال! — بەمبىنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى، — سېنى بۇرۇندىن يېقىن دوستۇم كۆرۈپ، رونو ئەقىللىك، مەندىن ياشتا چوڭ دەپ ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگەن. ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر دەپ قوياي، ياخشىسى چىراي-
لىقچە كېتىۋالغىن... بولمىسا يۈز - خاتىر قىلىپ تۇرىۋەرمەيمەن...

— ئۆپكەڭنى بېسىۋالساڭ بولارمىكىن، — دېدى رونو مەسخى-
رە قىلىپ، — يەنە يوغان گەپ قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن. مېنى كۆرسەڭلا قېچىپ يۈرگەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ.

بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىگە كېلىش بىلەن بەمبىنىڭ بىردىنلا ئوغىسى قايىندى - دە، رونوغا تەلۋىلەرچە تاشلاندى. رونو شۇ ئان بېشىنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى. ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى قارسىسدە ئۇرۇلدى. رونو تىرەجەپ تۇرۇۋېتىپ بەمبى ئەجەب داجىمايدىغۇ دەپ ئويلاپ قالدى ھەم ئۇنى ئاۋۋال ئۇسەر دەپ ئويلىمىغانلىقتىن ھەيرانۇھەس قالغانىدى. ھەممىدىن چاتاق بولغىنى، بەمبىنىڭ ھەققەتەن كۈچلۈك-
لۈكى، ئۇنىڭغا پۇتۇن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقى ئىدى. ئىككىيلەن راسا تىركىشىپ تۇرغاندا رونو ھىيلە ئىشلىتىپ تۇيۇقسىز داجىپ بەمبىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ يىقىتىۋەتمەكچى بولدى.



لېكىن بەمبىمۇ دەرھال كەينىگە داجىدى ـ دە، تېخىمۇ كۆچەپ رونونى بىرنى ئۈسكەندى، قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ رونونىڭ مۈڭگۈزىنىڭ بىر ئاچىمقى سۇنۇپ كەتتى. رونونوغا بېشى يېرىلىپ كەتكەندەك بىلىنىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، قۇلاقلىرى غۇڭگۇلداپ كەتتى. شۇ ئان بەمبى يەنە بىر قېتىم ئۈسۈپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى يىرىدۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن رونونو ئاغرىققا چىديالماي نەپسى قىسىلغانچە يېتىپ قالدى. بەمبى غەزىپىگە پايلىماي، ئۇنى دەسسەپ تۇرۇۋالدى.

— مېنى قويۇۋەت، — دېدى رونونو نالە قىلىپ.

بىراق بەمبى ئۇنى شۇنچە تېپىپ پىتىقلاپمۇ ھېچ ئۆچى چىقاي دېمەيتتى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي... ئەمدى بولدى قىلغىن، — دېدى رونونو بىچارىلەرچە يالۋۇرۇپ، — ئاقساقلىقىمنى بىلىسەن... بايا چاخچاق قىلىپ قويدۇم، ئەمدى مېنى قويۇۋەت. چاقچاق كۆتۈرەلمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟

بەمبى لام ـ جىم دېمەي ئۇنى قويۇپ بەردى. رونونو تىرمىشىپ يۆرۈپ ئاران ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يارىسىدىن قان ئاققىنىغىمۇ قارىماي، دەلدەڭشىگىنىچە گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى.

بەمبى ئەمدىلا ئورمانغا كىرىپ فالىنەنى تاپاي دەپ تۇرۇشىغا فالىنە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇ بايا ئورمان بويىدا ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن.

— ھەقىقەتەن قالتىسكەنسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن راستچىللىق بىلەن بوش ئاۋازدا قوشۇمچە قىلدى، — سىزنى ياخشى كۆرىمەن.



ئىككىيلەن بەخت ۋە شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمگىنىچە ياندىشىپ ماڭدى.



## 13 ـ باب

بىر كۈنى بەمبى تۈيۈقسىزلا ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ بۇ-
غا شاھ بىلەن كېيىنكى قېتىم ئۇچراشقان كىچىككىنە ئوچۇقچىلىقتا بې-
رىشنى ئويلاپ قالدى. يول بويى ئۇ فالىنەگە بۇغا شاھ ھەققىدىكى
ھېكايىلەرنى سۆزلەپ ماڭدى.

— بەلكىم ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالارمىز. مېنىڭ ئۇنى بەك
كۆرگۈم كەلدى.

— شۇنداق بولسىغۇ بەك ئوبدان بولاتتى، — دېدى فالىنە
قەيسەرلىكىگە ئېلىپ، — مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باققۇم
بار، — ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ-

نىڭدا بۇغا شاھقا قىزىقىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى.

شەرق ئاسمىنى بىلىق قورسىقىدەك تۇس ئېلىپ، كۈنچىقىشقا تايىن
تاپقاندى.

ئۇ ئىككىسى ياندىشىقىنىچە يېنىك قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى.
بۇ يەردىكى چاتقاللىق ئارىسىدىن ئەتراپتىكى خېلى يىراق جايلار كۆز-
گە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارغا يېقىنلا بىر جايدىن شالدۇر ـ شۇلدۇر
ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار دەرھال توختاپ، ئېھتىيات بىلەن شۇ تەرەپكە
قارىدى. گەۋدىلىك بىر بۇغا چاتقاللىقتىن سۇر ـ ھەيۋە بىلەن ئالدىرى-
ماي ئۆتۈپ، ئوچۇقچىلىققا كېتىپ باراتتى. تېخى كۈن نۇرى چۈشمە-
گەچكە، ئۇ كۆل رەڭ سايىدەك سۇرۇلمەكتە ئىدى.

فالىنە ئىختىيارسىز چىرقىراپ كەتتى. بەمبى بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى
باستى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ چۆچۈپ كەتكىنىدىن ۋار-
قىرىۋەتكىلى قىل قالغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئا-
ۋازىنى چىقارمىدى. فالىنەنىڭ ئاۋازىدىكى
ئامالسىزلىق ئۇنىڭ ئىچىنى ئاغرىتتى،
شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى بېسىپ ئامالىنىڭ بارىچە
فالىنەگە تەسەللى بەردى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — بەمبى ئۇنىڭ قۇلىقى-
غا جىددىي تۇستە پىچىرلىدى، — قورقماڭ، ئۇ
بىزگە چېقىلمايدۇ.

لېكىن فالىنە ھە دەپ چىرقىراۋەردى.

— سۆيۈملۈكۈم، بۇنداق جىددىيلەشمەڭچۇ،
— دېدى بەمبى يالۋۇرۇپ، — مۇنچە قورقۇپ
يۈرسىڭىز بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىزنىڭ تۇغقىنىمىز.

فالىنە تۇغقان دېگەن گەپ بىلەنمۇ كارى
بولماي، مىخلاپ قويغاندەك قېتىپ نېرىدىكى
بەخاراامان كېتىپ بارغان بۇغا شاھقا كۆز ئۈزمەي
قارىغىنىچە توختىماي چىرقىرىماقتا ئىدى.



— جىم بولۇڭچۇ، — دېدى بەمبى يالۋۇرۇپ، — ئۇ ئاڭلىسا نېمە دەپ قالىدۇ؟

لېكىن فالىنە زادىلا ئۆزىنى باسالمىدى.

— نېمە دېسە دېمەمدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە چىرقىرىغىلى تۇردى، — ئاۋۇ، باۋۇ! ... نېمانچە چوڭ!

ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ توۋلاۋەردى:

— باۋۇ! — ئاندىن، — مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دەپ چۈشەندۈردى، — مەن مۇشۇنداق! مۇشۇنداق قىلماي ئامالىم يوق! ئاۋۇ، باۋۇ!

بۇغا شاھ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ توختاپ ئوتلاشقا باشلىدى.

بەمبى بىر تەرەپتىن ئەسەبىيلىككە تولغان فالىنەگە قارىسا، بىر تەرەپتىن پەرۋاسىز تۇرغان بۇغا شاھقا قارىغىنىچە قەلبىدە زىددىيەت-لىك تۇيغۇ باش كۆتۈرگىلى تۇردى. شۇڭلاشقا فالىنەگە تەسەللى بې-رىش بىلەن بىللە ئۆزىدىكى قورقۇنچنىمۇ تىرىشىپ باستى. ھەر قېتىم بۇغا شاھنى كۆرسىلا ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلىپ، قورقۇش، ھاياجان، ھۆرمەت ئارىلىشىپ كەتكەن چۈشىنىكسىز تۇيغۇغا چۆمەتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىۋالا بىچارە، بەرداشسىز ھالىدىن قاتتىق نارازى بولغانىدى.

— بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق قاملىشىدۇ، — دېدى ئۇ كەسكىن-لىك بىلەن قارار چىقىرىپ، — ھازىرلا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرىمەن، مېنى تونۇپ قويسۇن.

— بارماڭ، — دېدى فالىنە، — بارماڭ! باۋۇ! بالاغا قال-سىز! باۋۇ!

— بارغىنىم بارغان، — دېدى بەمبى.

بۇغا شاھ بىغەم ھالدا ئىشتىياق بىلەن ئوتلا-ۋاتقاچقا، نېرىدا بىر جۈپ ياشنىڭ ئازابقا پېتىپ تۇرغانلىقىنى بايقىمىغانىدى. ئۇنىڭ بەكلا ھاكاۋۇر-لۇقىنى كۆرۈپ بەمبى خورلۇق ھېس قىلدى.





ـــ مەن كەتتىم، ـــ دېدى بەمبى، ـــ سىز جىم تۇرۇپ تـۇرۇڭ! قاراپ تۇرۇڭ ـ ھە، ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. مۇشـۇ يەردە مېنـى ساقلاڭ.

بەمبى راستىنلا كەتتى. لېكىن فالىنە ئۇنى ساقلاشنى خالىمىغانلىقى ھەم بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇرـۇنقىدەك يـۈگۈرگىلـى تۇردى. ئۇنىڭچە بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق ئـىدى. ئۇ يۈگـۈرۈپ كېتىۋېتىپ توختىماستىن «باۋۇ، باۋۇ!» دەپ توۋلىدى.

بەمبىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكـۈسى بولسـىمۇ، لېـكىن ھازىـر بولمايتتى. شۇڭلاشقا غەيرەتلىنىپ ئۇدۇل ماڭغۇەردى. شاخ ـ شـۇمـ بىلاردىن ئۆتۈپ شاھ بۇغىنىڭ بېشىنى ئېگىپ ئوتلاۋاتقانلىقىنى ئېنـىق كۆردى. دەرەخلىك ئارىسىدىن چىقىۋاتقاندا يۈرىكىنىڭ دۈپ ـ دۈپ سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇردى.

بۇغا شاھ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئۇنـىڭغا قـاراپ قويدى ـ دە، يەنە پەرۋاسىز ھالدا ئالدىغا قارىۋالدى.



بەمبىنىڭ نەزىرىچە، ئۇنىڭ ھەممىلا ھەرىكىتى، ئۆزىگە قارىغان، يىراقلارغا تىكىلگەن چاغدىكى چىراي ئىپادىسىدىن خۇددى قىشتا ھېچكىم يوقتەك بىر خىل تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

بەمبى دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلەلمىدى. بايا بۇغا شاھ بىلەن پاراڭلىشىش ئۈيىغا كەلگەن ھەم: «خەيرلىك ئەتىگەن، مېنىڭ ئىسمىم بەمبى... مۇبارەك نامىڭىزنى بىلگىلى بولارمىكىن؟» دېمەكچى بولغانىدى.

شۇنداق، بايا ئۇ، ئىشلارنى بەكلا ئاسان چاغلىغانىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش يوقتەك قىلاتتى. ھەرقانچە ياخشى ئامال بولغان بىلەنمۇ شۇ تاپتا كارغا كېلەمتى؟ بەمبىنىڭ باشقىلارغا ناچار تەسىر قالدۇرغۇسى يوق. ناۋادا گەپ قىلمايلا پەيدا بولۇپ قالسا، بۇغا شاھ ئۇنى تەربىيە كۆرمىگەن دەپ قېلىشى، گەپ قىلسا قارام نېمىكەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇغا شاھ نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ـ ھە. بەمبى ئۇنىڭغا قارىغانچە مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئاجىز ۋە ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، نېمىشقا مۇنچىۋالا قورقۇنچاقلىق قىلمەن؟... ئۇنىڭدىن ھېچبىر پەرقىم يوققۇ... ئىككىمىز ئوپئوخشاش تۇرمامدۇق، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە قايتا ـ قايتا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى.

بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئامال يوقكەن، بەمبى ئۇنىڭدىن ھېيىقىپلا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھەرگىز يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى. شۇڭلاشقا قاتتىق ئازابلىنىپ، ئامال بار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

بۇغا شاھ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋېتىپ، ئۇ نېمىدېگەن ئوماق... نېمىدېگەن ئوبدان... چىرايلىق... قىلىقلىرىمۇ شۇنداق يېقىشلىق... بىراق ئۇنىڭغا مۇنداق قارىسام تازا قاملاشمىغۇدەك، ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغۇدەكمەن، دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىنى بەمبىدىن يەنە يىراقلارغا يۆتكىدى.



نېمدېگەن هاكاۋۇر! تەلۋە، مەنمەنچى ـ هە، دەپ ئويلىدى بەمبى.

بۇغا شاھ بولسا يىراقلارغا تىكىلگىنىچە، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم بار ئىدى... ئۇنى بەك ياقتۇرىمەن... بىر ـ بىرىمىز بىلەن پاراڭلاشماسلىق نېمدېگەن دۆتلۈك ـ هە، دەپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن هېچنېمە ئەمەس. ئۇنىڭ توپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق، دۇنيادا ئۆزلىرىدىن باشقا هېچكىم يوقتەك قىلىشىپ كېتىدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى بەمبى.

لېكىن ئۇنىڭ بىلەن نېمىنى پاراڭلىشارمەن؟... مەن بۇنداق پاراڭلىشىپ باقمىغان... ئەخمەقانە گەپ قىلىپ قويۇپ كۈلكىسىگە قېلىشىم مۇمكىن... ئۇ چوقۇم بەك ئەقىللىق، دەپ ئويلىدى بۇغا شاھ.

بەمبىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، بۇغا شاھقا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ نېمدېگەن كېلىشكەن ـ هە، دەپ ئويلىدى بەمبى ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتكەن هالدا.

ئەمىسە... كېلەر قېتىم... بۇغا شاھ شۇ ئويغا كەلدى ـ دە، سەل كۆڭلى غەش بولۇپ، يەنە پەرۋاسىز قىياپەتتە كېتىپ قالدى.

بەمبى كۆڭلى يېرىم بولغىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.



## 14 ـ باب

تومۇز ئىسسىقتا ئورماندىن ھۆپۆلدەپ ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. كۈن ئۆرلىشى بىلەنلا جىمى رەڭدار بۇلۇتلارنى بىر خىل رەڭدە بوياپ، كۆك ئاسماننىمۇ تاتىراڭغۇ، كۈچسىز تۈسكە مەھكۇم قىلغانىدى. يېقىن جايدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە گۈل ـ گىياھلار قىمىرلاپمۇ قويمىغىنى بىلەن، يىراقتىكى ئوتلاق ۋە دەرەخ ئۇچلىرى ھۆپ ـ ھۆپ ھاۋادا لەپەڭشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قۇشلار دەرەخ سايىلىرىغا مۆكۈنۈپ جىمجىت يېتىشقان، دەرەخ ئارىلىرىدىكى يوللاردا بىرەرمۇ جانلىق كۆرۈنمەيتتى. تومۇز ئىسسىق دەستىدىن يەر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاسىرىماقتا، چاتقال ۋە جان ـ جانىۋارلارمۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاسىرىماقتا. بەمبى بولسا چۈش كۆرمەكتە ئىدى.

كېچىچە ئۇ فالىنە بىلەن قوغلاشماق ئويناپ تاڭ ئاشۇردى. مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئوينا ـ



ئۇينا ئاخىر ھېرىپ كۆزلىرى يۇمۇلغىلى تۇرغاندىلا چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالدى. ئاپتاپتا قارا ئارچىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى بىلەن مازارىيون دەرىخىنىڭ خۇشبۇيى ئۇنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلماقتا ئىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز ئويغاندى ـ دە، گاراڭغۇلۇقتا فالىنە چاقىردىمىكىنە دەپ ئەتراپىغا قارىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ئۆزى ئۇخلىغاندا فالىنە يېنىدا دولانا يوپۇرماقلىرىنى يەۋاتاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ فالىنەنى نېرى كەتمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. كەتكەندىن كېيىن ئېھتىمال يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، ئۇنى تېز كەلگىن دەپ چاقىرغان بولۇشى مۇمكىن.

بەمبى ئەتراپتىكى تىۋىشلارنى زەن قويۇپ تىڭشىغاچ بايا بەك ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، فالىنە نەچچە قېتىم چاقىرىپ بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ تېخىچىلا تولۇق ئويغىنىپ بولالمىغاچقا بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى.

بۇ چاغدا چاقىرغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. بەمبى بېشىنى ئىتتىك بۇراپ قارىشىغا ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. شۇ ئان ئۇ تولۇق سەگەكلىشىپ، ھاياجاندىن ماغدۇرى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندەك، روھى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلدى، پەقەت قورسىقىلا ئاچلىقتىن غولدۇرلاپ تۇراتتى.

مانا چاقىرغان ئاۋاز تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز خۇددى قۇشلارنىڭ سايرىشىدەك شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك مېھرىبان ھەم شۇنچىلىك جىددىي ئىدى:

— تېز كېلىڭ... تېز...

توغرا، دەل فالىنەنىڭ ئاۋازى! فالىنە! بەمبى شۇ ھامان ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى. چاتقاللىقتىن ئۆتكەندە يۇمران شاخلار قاراسلاپ سۇنغىلى، كۈن نۇرىدا زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۆكۈلگىلى تۇردى.

ئۇ ئۇزاق يۈگۈرمەيلا ئالدىغا نېمىدۇر بىر نەرسە تاقىشىپ يانغا

سەكرىدى. ئەسلىدە يولنى بۇغا شاھ توسۇپ تۇرغانىكەن.

بەمبىنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئوتى يېلىنجاۋاتقاچقا، بۇغا شاھقىمۇ قارار كۆزى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بەرىبىر كۆرۈشكىلى يەنە پۇرسەت تېپىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇغا شاھ ھەرقانچە سۈرلۈك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ تاپتا بەمبى فالىنەنى تېزرەك كۆرۈش تەقەززالىقىدا بۇلارنى ئويلاشقا چولىسى يوق ئىدى.

بەمبى بۇغا شاھ بىلەن كۆرۈشۈش يۈزىسىدىن مۇنداقلا كۆلۈپ قويدى - دە، ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

— نەگە؟ — دېدى بۇغا شاھ سۈرلۈك قىياپەتتە.

بەمبى ئوڭايسىزلانغىنىدىن بىرەر باھانە كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، يەنىلا راستىنى ئېيتتى:

— ئۇنى ئىزدەپ ماڭدىم.

— بارما، — دېدى بۇغا شاھ.



بەمبىنىڭ بىردىنلا شۇنداق ئاچچىقى تۇتتى. فالىنە بىلەن كۆرۈشكىلى بارما دەيدا. بۇغا شاھ نېمىشقا مۇنداق دەيدۇ؟ بەمبى شۇلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي قېچىپ كەتسەملا بولمىدىمۇ دېگەن يەرگە كەلدى. بىراق بۇغا شاھقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر قاراپلا تەمتىرەپ قالدى. غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلەپ تۇرسىمۇ، يەنىلا قېچىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

— ئۇ مېنى چاقىرىۋاتىدۇ... — دېدى بەمبى جۆشەندۈرۈپ. تەلەپپۇزىدىن مېنى توسۇمىساڭ دېگەن ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

— بولمايدۇ، — دېدى بۇغا شاھ، — ئۇ سېنى چاقىرغىنى يوق.

دەل شۇ چاغدا قۇشنىڭ سايرىغىنىدەك «تېز كەل!» دەپ ۋار-
قىرىغان ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئەنە، ئۇ يەنە چاقىرىۋاتىدۇ! — دېدى بەمبى تىت - تىت
بولغىنىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ، — قۇلاق سېلىڭ!

— ھە ئاڭلىدىم، — دېدى بۇغا شاھ بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئەمىسە مەن كەتتىم، خوش... — بەمبى شۇنداق دەپلا يۈ-
گۈرمەكچى بولدى.

— توختا! — دېدى بۇغا شاھ بۇيرۇق قىلىپ.

— نېمە قىلاي دەيسىز! — دېدى بەمبى چىداپ تۇرالماي
چالۋاقاپ، — مېنى قويۇۋېتىڭ! ساقلىغۇدەك ۋاقتىم قالمىدى! ئۆ-
تۈنۈپ قالاي... ئەنە، سىزمۇ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىسىز، فالىنە مېنى
چاقىرىۋاتىدۇ...



— ساڭا دەپ قوياي، — دېدى
بۇغا شاھ، — ئۇ فالىنە ئەمەس.

بەمبى تىت - تىت بولغىنىدىن نېمە
دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى:

— بىراق... ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق
ئاڭلىغان تۇرسام...

— گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى
بۇغا شاھ.

بۇ چاغدا يەنە چاقىرغان ئاۋاز
ئاڭلاندى.

بەمبى تېپىرلاپ تۇرالمايلا قالدى - دە:

— كېيىن، كېيىن ئاڭلايچۇ، — دېدى
يالۋۇرۇپ.

— ياق، — دېدى بۇغا شاھ ئا-
زابلانغان ھالدا، —

مۇشۇ كەتكىنىڭچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كېلەلمەيسەن.

چاقىرغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— بارمىسام بولمايدۇ! چوقۇم بارىمەن... — دېدى بەمبى تەلۋىلىشىپ.

— ئەمىسە بوپتۇ، — دېدى بۇغا شاھ ئۆكتەملىك بىلەن، — بارساق ئىككىمىز تەڭ بارىمىز.

— مەيلى، تېزرەك! — بەمبى شۇنداق دەپلا ئوقتەك ئېتىلدى.

— ياق... ئاستىراق! — دېدى بۇغا شاھ بۇيرۇق قىلىپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ بەمبى ئامالسىز بوشىدى، — سەن مېنىڭ ئارقىمدىن ماڭىسەن... مېڭىپ بارىمىز...

بۇغا شاھ ئالدىدا، بەمبى كەينىدە ماڭدى. تىت - تىت بولغىنىدىن ئۇ ھە دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

— شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، — دېدى بۇغا شاھ كېتىۋېتىپ، — مەيلى قانچە ئالدىراش چاقىرسۇن، مېنى تاشلاپ كەتسەڭ بولمايدۇ. فالىنە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلگۇرۇپ بارىمىز. لېكىن ئۇ فالىنە ئەمەس. ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلما. ھازىرقى ئاساسلىق گەپ ماڭغا ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكىڭدە.

بەمبى گەپ ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇنىڭغا بويسۇندى.

بۇغا شاھ ئالدىدا، بەمبى كەينىدە ئاستا كېتىپ باراتتى. ھەي، بۇغا شاھ نېمانداق ئاستا ماڭىدىغاندۇ! شۇ تاپتا بۇغا شاھ قويۇق چاتقاللىق، قەدىمي قويۇق ئورمانىنىڭ ئىرماش - چىرماش يىلتىزلىرىدىن شەكىللەنگەن چىتلاق ئارىسىدا كېتىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايىغىدىن ھېچبىر تىۋىش، بىرەر تال يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىغىنى، بىرەر تال شاخنىڭ سۇنغىنىمۇ ئاڭلانمايتتى. بەمبى ھەرقانچە ئالدىراپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇغا شاھنىڭ

قابىلىيىتىگە ھەيران ھەم قايىل بولماي تۇرالمىدى. ئۇ، بۇغا شاھنى مۇنداق ماڭار دەپ ئويلىمىغانىدى.

چاقىرغان ئاۋاز يەنە ياڭرىدى.

بۇغا شاھ مېڭىشتىن توختاپ، جىممىدە تۇرۇپ تىڭشىغاندىن كېيىن بېشىنى بىلەر - بىلىنمەس لىڭشىتتى.

بەمبى بىر چەتتە تۇرۇپ فالىنەنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقى ئۈچۈن دىر - دىر تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا بۇغا شاھنىڭ زورلۇق بىلەن بۇيرۇق قىلىشلىرى جېنىغا پېتىپ، ھېچنېمىنى ئويلىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

بىرنەچچە قېتىم بۇغا شاھ ھېلىقى ئاۋاز ئاڭلانمىسىمۇ مېڭىشتىن توختاپ، بويىنىنى سوزۇپ زەن قويۇپ تىڭشىغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى. بەمبى ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمىدى. بۇغا شاھ ئاۋاز كەلگەن تەرەپتىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئايلىنىپ ماڭدى. بۇنىڭغا بەمبىنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى.

چاقىرغان ئاۋاز يەنە ئاڭلانغىلى تۇردى.

ئاخىر ئۇلار ئاۋاز كېلىۋاتقان جايغا يېقىنلا كېلىپ قالدى ھەم يەنىمۇ يېقىنلاشتى.

— مەيلى نېمىنى كۆر، ھەرگىز مىدىرلىما... ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى بۇغا شاھ، — مەن نېمە قىلسام سەنمۇ شۇنى قىل... ئېھتىياتچان بول! ھەرگىز ئالاقزەدە بولما...

ئۇلار يەنە بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا باردى... تۇيۇقسىز بەمبى بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان، كۆڭۈلنى تەھلىكىگە سالىدىغان تونۇش پۇراقنى پۇراپ قالدى - دە، قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاغزىنى ئۆمەللەپ ۋارقىرىۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇ مىخلاپ قويغاندەك داڭ قېتىپ تۇراتتى، يۈرىكى بولسا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ھە دەپ گۈپۈلدىمەكتە ئىدى.

بۇغا شاھ ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن، ئاۋۇ تەرەپكە قارا، دەپ ئىشارەت قىلدى.



ئۇ تەرەپتە «ئۇ» تۇراتتى!

ئۇلارغا يېقىنلا جايدا «ئۇ» بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخىگە يۆلەنگىنچە ياڭاق دەرىخىنىڭ دالدىسىدا تۇراتتى. شۇ تاپتا «ئۇ» بۇغىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ «كەل... كەل...» دەپ توۋلىماقتا ئىدى.

ئۇلار «ئۇ»نىڭ دۈمبىسىنىلا كۆرەلىدى. پەقەت «ئۇ» بېشىنى بۇرىغاندىلا يۈزى ئازراق كۆرۈندى.

بەمبى ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ گاڭگىراپلا قالغانىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئاخىر ئېسىگە كەلدى. ئەسلىدە «ئۇ» مۇشۇ يەردە تۇرۇپ فالىنەنىڭ ئاۋازىنى دوراپ «كەل... كەل...» دەپ توۋلاۋاتقان ئىكەندە.



بەمبىنىڭ بىردىنلا تېنى جۇغۇلداپ، كاللىسىدا «تېز قاچ!» دېگەن ئوي يالتتىدە چاقناپ ئۆتتى.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال! — بۇغا شاھ ئۇنى ئۈركۈپ بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسۇن دەپ دەرھال سۇرلۇك ئاۋازدا پىچىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەمبى ئۆزىنى بېسىۋالدى.

بۇغا شاھ دەسلەپتە بەمبىگە ئازراق مەسخىرە ئارىلاش قارىغانىدى، بەمبى خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋېتىپمۇ بۇنى سېزىۋالدى. لېكىن كېيىنچە بۇغا شاھ ئۆزىگە سۇرلۇك، سەممىي، يېقىملىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى.

بەمبى كۆزلىرىنى قىسقىنىچە «ئۇ» تۇرغان جايغا قارىدى ھەم «ئۇ»نىڭ بىلەن مۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇشقا زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

بۇغا شاھ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى بولغاي:

ـــ قايتايلى... ـــ دەپ پىچىرلىدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

ئىككىيلەن تىۋىش چىقارماي ئاستا يىراقلىدى. بۇغا شاھنىڭ ئۇ ـ ياق ـ بۇياققا ئەگىلىپ مېڭىشىغا بەمبىنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمىدى. شۇنداقتىمۇ تىت ـ تىتلىقىنى بېسىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاستا قەدەم باستى. بايا فالىنەگە بولغان ئىشقى ئۇنى يۈگۈرتكەن بولسا، مانا ئەمدى ئۇ جېنىنى ئەپقېچىشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى.

لېكىن بۇغا شاھ ئالدىرىماي ماڭغانىنى ئاز دەپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا توختاپ ئەتراپىنى تىڭتىڭلىغاندىن كېيىن، داۋاملىق «Z» شەكىلدە ماڭاتتى. ئەنە شۇنداق بىر مېڭىپ، بىر توختاپ يول زادىلا ئاۋۇمىدى.

مانا ئاخىر ئۇلار خەتەرلىك جايدىن خېلى يىراقلىدى.

«سەل تۇرۇپ ئۇ يەنە توختىغاندا رەھمىتىمنى ئېيتاي.» بۇغا شاھ ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز قويۇق كورنۇسلۇق ئارىسىغا بىرەر تال يوپۇرماقنىمۇ تىترەتمەي، بىرەر تال شاخنىمۇ يىرماي ئەپچىللىك بىلەن كىرىپ كەتتى.

بەمبى بۇغا شاھنىڭ قىلغىنىنى دوراپ ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي كىرىمەن دېگەن بولسىمۇ، ئامال بولمىدى. يوپۇرماقلار سۇس شىلدىرلاپ، شاخلار ئېگىلىپ تارىسسىدە تەپتى، يۇمرانلىرى بولسا ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئىتتىرىشىدە پاراس ـ پۇرۇس سۇنغىلى تۇردى.

«ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، ـــ دەپ ئويلىدى بەمبى، ـــ ئۇنىڭغا قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟»

لېكىن بۇ چاغدا بۇغا شاھ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. بەمبى چاتقاللىقتىن ئاستا چىقىپ ئالتۇن رەڭلىك گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن دالاغا كۆز تاشلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىغانىدى، بىرەر تال گىياھنىڭ مىدىرلىغىنى-



مۇ كۆرۈنمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.
بەمبىنىڭ ئەمدى قورۇنۇپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. شۇڭا ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، بار ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.
گۈل - گىياھلار ئۇنىڭ تۇياقلىرى تەگكەن ھامان خۇددى ئورغاقتا ئورۇلغاندەك ئىككى يانغا قايرىلماقتا ئىدى.
ئەتراپنى خېلى ئىزدىگەندىن كېيىن ئاخىر قاننەنى تاپتى. ھاسىراپ كەتكەن بەمبى شۇ تاپتا ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي شۇنچە خۇشال كۆرۈنەتتى.
— سۆيۈملۈكۈم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى بەمبى، — ئىككىمىز ئايرىلىپ تۇرغان چاغدا ھەرگىز مېنى چاقىرىپ سالماڭ... ھەرگىز، ھەرگىز... بىر - بىرىمىزنى ئىزدەپ تاكى تاپقانغا قەدەر... راستىنلا ئۆتۈنەي، ھەرگىز چاقىرماڭ... چۈنكى ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىسام ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىدىكەنمەن.



# 15 ـ باب

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بەمبى بىلەن فالىنە غەمسىز ھالدا ئوتلاقنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى كاۋچۇكزارلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئەسلىدە ئوتلاقتىن ئۆتۈپ ئاشۇ ئېگىز ھەم يوغان كاۋچۇك دەرىخىنىڭ قېشىغا بارماقچى، ئاندىن ئۆزلىرىگە تونۇش بۇغا يولىنى تېپىپ ماڭماقچىدى. ئۇلار ئالدىدىكى چاتقاللىق شالاڭلىشى بىلەن مېڭىشتىن توختاپ، سىرتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزەتتى. ئۇدۇلدىكى كاۋچۇك دەرىخى تۈۋىدە قىزىل بىر سايە مىدىرلاپ تۇراتتى.

— كىمدۇ؟ — دېدى بەمبى پىچىرلاپ.

— روننو، يا بولمىسا كالىس، — دېدى فالىنە.

ئەمما بەمبى گۇمانلىنىپ قالدى.

— ئۇلار ھازىر قېشىمغا كېلىشكە پېتىنالمايدۇ، — دېدى بەمبى ئالدى تەرەپكە زېرەكلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، — ياق، — ئۇ يەكۈن چىقاردى، — كالىسمۇ، روننومۇ ئەمەس... ناتونۇش بىرى...

فالىنە ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى ۋە ھەم ھەيران بولغان، ھەم قىزىققان ھالدا:

— توغرا... ناتونۇش بىرى ئىكەن، كۆردۈم، كۆردۈم، بەكلا غەلىتە ئىكەن! — دېدى.

ئىككىيلەن داۋاملىق كۆزەتتى.

— نېمانداق بىغەم نېمە ئۇ! — دېدى فالىنە.

— دۆت نېمىكەن، — دېدى بەمبى، — بەكلا دۆت نېمىكەن!

ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان گۆدەك بالىنىڭ بەئەينى ئۆزى... خۇددى بۇ دۇنيادا ھېچقانداق خەتەر يوقتەك!

ــ قېشىغا بېرىپ باقايلىچۇ، ــ دەپ تەكلىپ بەردى فالىنە ئۇنى بەكلا كۆرۈپ باققۇسى بار بولغاچ.

ــ بولىدۇ، ــ دېدى بەمبى، ــ يۈرۈك ئەمىسە. قېشىغا بېرىپ قاراپ باقايلى...

بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا فالىنە توختىۋالدى.

ــ بىراق... ئۇ سىز بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ ئۇ بەك كۈچلۈكتەك قىلىدۇ...

ــ تۈفى! ــ بەمبى ياراتمىغاندەك قىلىپ بېشىنى سىلكىپ قىلىۋالدى، ــ مۈڭگۈزىنىڭ كىچىكلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟... ئاشۇنىڭدىن قورقۇمدىمەن؟ ئۇ ئەبلەخنىڭ سېمىزلىكىگە قاراپلا كۈچلۈك دەۋاتامسىز؟... ئۇنداق ئىش يوق. يۈرۈك...

ئۇلار ئالدىغا قاراپ ماڭىۋەردى.

ئۇدۇلدىكى ئوتلاقتا باش چۆكۈرۈپ ئوتلاۋاتقان ئۇ نەرسە بەمبى بىلەن فالىنە يېقىن قالغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى بايقىدى ھەم خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن گۆدەكلەردەك تاقلاپ دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بەمبى بىلەن فالىنە ھەيران بولغىنىدىن ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

ئاردىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ:

ــ مېنى تونۇمىدىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

بەمبى بېشىنى ئېگىپ ئالدىبۇرۇن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىنىپ بولغاندى.

ــ سەن... بىزنى تونۇمسەن؟ ــ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

ــ ھوي، بەمبىغۇ سەن! ــ دەپ توۋلاپ كەتتى ئۇ. تەلەپپۇزىدىن ھەم ئەيىبلەش، ھەم قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەمبى

ھەيرانۇھەس بولدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساق-لىنىپ ياتقان ئەسلىمىلەرنى ئويغاتقانىدى. فالىنە بولسا بۇ چاغدا ئاللـ-بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتقانىدى.

— گېبىر! — دەپ توۋلاپ كەتتى فالىنە. دەماللىققا گەپ تاپالماي، نەپەس ئېلىشىنمۇ ئۇنتۇپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالغانىدى.

— فالىنە... — دېدى گېبىر دۇدۇقلاپ، — فالىنە... جېنىم ھە-دە... مېنى ئاخىر تونۇدۇڭ! — گېبىر ئىتتىك كېلىپ فالىنە بىلەن قۇ-چاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كەتتى. كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، مەڭزلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. فالىنە بولسا ئۈن - تىنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى.

— گېبىر... — دېدى بەمبى ھاياجانلانغىنىدىن ئاۋازى تىترەپ. ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولغىنىدىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالغانـ-دى، — ھەي گېبىر... سەن ھاياتمىتىڭ...

— مانا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەنغۇ... — دېدى گېبىر ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلگىنىچە، — مەن تېخى بىر ئوبدان ياشاۋاتقانلىقىمنى سېنى بىلەر دەپتىمەن.

— بىراق... ئۇ چاغدا... قاردا يېتىپ قالغانـ-تىڭغۇ؟ — بەمبى ئەينى مەزگىلدە ئۆزىنىڭ كۆر-گەنلىكىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەتتى.

— ئۇ چاغدا دەمسەن؟ — گېبىر روھلىنىپ مەيدىسىنى كەردى، — ئۇ چاغدا «ئۇ» مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى...

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نەدە تۇر-دۇڭ؟ — چۈشەنمەستىن سورىدى فالىنە.

— «ئۇ»نىڭ قېشىدا... «ئۇ»نىڭ بىلەن بىللە تۇردۇم... — دېدى گېبىر.

گېبىر گېپىنىڭ يېرىمنى دەپلا فالىنە بىلەن



بەمبىگە قارىدى ھەم ئۇلارنىڭ گەپ قىلالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىچە پەخىرلەندى. ئاندىن:

— بۇ يەردىكى ھەممىڭلارنىڭكىنى، ئورماندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ كەلسىمۇ مېنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىمگە يەتمەيدۇ، — دېدى. ئۇ پو ئېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن فالىنە بىلەن بەمبى ھەيران قالغانلىقتىن بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى.

— تېز سۆزلەپ بەرگىنچۇ! — دېدى فالىنە تەقەززا بولۇپ.

— ھىم، — دېدى گېبېر كۆرەڭلىگەن ھالدا، — سۆزلەشكە توغرا كەلسە نەچچە كېچە ـ كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ.

— ئەمسە سۆزلىمەمسەن! — دېدى بەمبى ئۇنى ئالدىرىتىپ.

گېبېر فالىنەگە قايرىلىپ جىددىي تۇستە قارىدى ـ دە، سەل ئىككىلىنىپ:

— ئاپام ھاياتتۇ؟ — دەپ سورىدى بوش ئاۋازدا.

— ھەئە! — دېدى فالىنە خۇشال ھالدا، — ئۇ ھايات، بىراق ئۇنى كۆرمىگىنىمگە خېلى بولۇپ قالدى.

— ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ! — دېدى گېبېر، — مەن بىلەن بىللە بارامسىلەر؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىللە يولغا چىقىشتى.

يول بويى ئۇلار گەپ قىلىشماي ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. گېبېرنىڭ ئاپىسىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە بەمبى بىلەن فالىنە ئارتۇق گەپ قىلمىدى. گېبېر يول بەرمەي ئالدىدا ئالدىراش كېتىپ باراتتى. شۇڭلاشقا ئىككىيلەن ئۇنىڭدىن يول تالىشىپ يۈرمىدى.

گېبېر پەقەت ئاچالدا خاتا تەرەپكە كېتىپ قالغاندا ياكى ئەگىمىدىن خاتا ئايلانغان چاغدىلا ئىككىيلەن بوشقىنا چاقىرىپ، بىر بولسا بەمبى «ماياققا ماڭ!» دەپ بىر تەرەپنى كۆرسەتتى، بىر بولسا فالىنە چۈشەندۈرۈپ: «خاتا بولۇپ قالدى... بۇياققا قايرىلمىز...» دەيتتى.





كېتىۋېتىپ ئۇلار نەچچە قېتىم ئورمان ئارىسىدىكى ئوچۇقچىلىقـ
تىن ئۆتۈشتى. بۇ جەرياندا ئىككىيلەن گېبېرنىڭ زادىلا دەرەخ تىۋـ
ۋىدە توختاپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراپ باقمايدىغانلىقىنى بايـ
قاپ قالدى. ئۇ هامان پەرۋاسىز هالدا ماڭىۋېرەتتى. بۇنداق چاغلارـ
دا بەمبى بىلەن فالىنە بىر ـ بىرىگە هەيران بولۇپ قارىشىپ قالاتتى.
ئەمما هېچنېمە دېيىشمەي، ئارىسالدى بولغان هالدا گېبېرنىڭ ئارقىـ
سىدىن ئەگىشەتتى.
ئۇلار ئەنە شۇ تەرزدە ئەتراپنى خېلى كۆپ قىدىرىدى.
تۇيۇقسىز گېبېر بالا مەزگىلدە ماڭغان يولنى تونۇۋالدى ـ دە،
خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن ئۆزىنى بۇ يەرگە بەمبى بىلەن فالىنەنىڭ
ئېلىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى ھەم بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ:
ـــ قانداق، بولامدىكەنمەن؟ بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلىدىم جۇـ
مۇ! ـــ دەپ توۋلىدى.
ئىككىيلەن گەپ قىلىشماي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار شاخ ـ شۇمبىلار ئوراپ تۇرغان كىچىك
بىر ئۆينىڭ قېشىغا بېرىشتى.
ـــ مۇشۇ يەر! ـــ فالىنە شۇنداق دەپلا ئۇـ
ۋىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئارقىدىن گېبېرمۇ
كىرىپ، ئىككىيلەن ئۇۋىدا خېلىغىچە تۇردى. هەـ
دە ـ ئىنى ئىككىسى دەل مۇشۇ ئۇۋىدا دۇنياغا
كۆز ئاچقان، ئاپىسى بىلەن بىللە بالىلىق مەزگىلدـ
نى ئۆتكۈزگەن. گېبېر بىلەن فالىنە بىر ـ بىرىگە
ئۇزاققىچە قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى، ئەمما گەپ
قىلىشمىدى. فالىنە ئىنىسىنىڭ مەڭزىگە بوشقىنا



بىرنى سوّيۇپ قويدى. ئاندىن ئۇلار سىرتقا چىقىپ يەنە ئالدىراش بولۇنى داۋاملاشتۇردى.

ئالاھازەل يەنە بىرەر سائەتچە ماڭدى.

كۈن نۇرى شاخلاردىن ئۆتۈپ ئورماننى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇخلاش ۋاقتى يەتكەچكە، ئەتراپ بارا ـ بارا تىمتاسلىققا چۆمدى. بىراق گىببىر ھېرىپ ـ چارچاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئۇدۇل ماڭىۋەردى. ئۇ ھاياجانلانغان ھەم تەقەززا بولغان ھالدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە ئەتراپقا كۆز تىكەتتى. تۇيۇقسىزلا قېشىدىن شارتتىدە ئۆتۈپ ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن بىر ئاغمىخان ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. يەردە يېتىشقان بىر توپ قىرغاۋۇل ئۇنىڭ دەسسىۋېتىشىدىن ئاران قۇتۇلۇپ، قاناتلىرىنى پالاقلىتىشقىنىچە ئۇنى تىللىغانىدى، ئۇ يەنە قورقۇپ كەتتى. گىببىرنىڭ يولغا نىمىشقا مۇنچە كالاپاي ھەم خام ئىكەنلىكىگە بەمبىنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمىدى.

گىببىر تۇيۇقسىز مېڭىشتىن توختاپ ئۇ ئىككىيلەنگە بۇرىلىپ:

— تاپالمىغۇدەكمىز ! — دەپ توۋلىدى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ.

— تاپىمىز ، — دېدى فالىنە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — ئۇزاققا بارمايلا گىببىر ، — فالىنە گىببىرنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئاجىزلىقنى كۆرۈپ يەتتى.

— ئاپىمىزنى چاقىرامدۇق يا؟ — دېدى فالىنە كۆلۈمسىرەپ، — خۇددى بۇرۇنقىدەك بار ئاۋازىمىز بىلەن، ئاپا، ئاپا، دەپ توۋلاپ باقامدۇق؟

بەمبى ئالدىغا يەنە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا ئاننا چوڭ ئاپىسىنى كۆردى. شۇ تاپتا ئۇ يېقىنلا جايدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ سايىسىدا يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقانىكەن.

«ئاخىر تاپتۇق!» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. بۇ چاغدا گىببىر بىلەن فالىنەمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۇچەيلەن يانمۇيان تۇرۇشۇپ ئانىناغا قاراشتى. بۇ چاغدا ئاننا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى

ئۇلارغا تىكتى.

گېبېر ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى - دە، بوش ئاۋازدا:

— ئاپا! — دەپ چاقىردى.

چاقماق چاقناندەك ئانىنا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئاپا... — دەپ توۋلىدى گېبېر يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ. دەيدىغان گەپلىرى بولسىمۇ، جىددىيچىلىكتە دېيەلمىدى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن، تاشتەك قېتىپ تۇرغان بەدىنى ئاستا بوشاپ دولىسىدىن تاكى دۈمبىسىگىچە تىترەك ئولاشتى.

ئانىنا ھېچنېمىنى سورىماي، گېبېرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى، بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلىشىنىمۇ كۈتمەي، ئۇنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. ئاغزىغا، مەڭزىگە، بويۇنلىرىغا يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىنىدىكى جىمى چاڭ - توزانلارنى ئادالماقچى، ئۇنى يېڭى تۇغۇلغان مەزگىلگە قايتۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

بەمبى بىلەن فالىنە ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئاستاغىنا كېتىپ قالدى.





# 16 ـ باب

ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا كۆپچىلىك چۆرەدەپ
ئولتۇرۇشۇپ گىبىرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

ياۋا توشقان بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقىنىچە
بىرىلىپ تىڭشاۋاتاتتى. بەكلا بىرىلىپ كەتكەنلىكتىن قۇلاقلىرىنى بىر-
دەم سالپايتىپ، بىردەم دىڭگايتماقتا ئىدى.

تۆكلۈك بۇك كۆچىتىنىڭ ئەڭ پەستىكى بىر شېخىغا قونۇپ تۇر-
غان سېغىزخان بىرىلىپ ئاڭلىماقتا. ئۇدۇلدىكى ئاق رەڭلىك موم دە-
رىخىگە قونۇۋالغان ئالا قاغا بولسا نېمىدىنندۇر ئەنسىرىگەندەك تۇ-
رۇپ ـ تۇرۇپلا ئەنسىز قىرقىراپ قوياتتى.

ھەممەيلەنگە تونۇش بىرنەچچە قىرغاۋۇل خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئە-
گەشتۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك بىرىلىپ تىڭشىدىكى، تۇ-
رۇپلا ھەيران بولغىنىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇشسا، تۇرۇپلا قورقىنىدىن





بويۇنلىرىنى ئىچىگە تىقىۋالاتتى؛ بەزىدە باشلىرىنى چايقاشسا، بەزىدە زوۋانى تۇتۇلۇپ قارايلا قېلىشاتتى.

تىيىن ھاياجانلانغىنىدىن ئولتۇرالمايلا قالدى. ھېلى دەرەخ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ چۈشسە، ھېلى يەنە بىر دەرەخكە سەكرەيتتى؛ ھېلى چاپسا، ھېلى ئېگىز تىكلىنىپ تۇرغان يوغان قۇيرۇقىغا يۆلەنگىنىچە ئاپپاق قورسىقىنى كۆرسىتىپ ئولتۇراتتى. ھە دېسە گېپىرنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولاتتى ـ يۇ، باشقىلارنىڭ ئىشارىتى بىلەن يەنە جىم بولۇپ قالاتتى.

گېپىر سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ھېچبىر ياردەمگە ئېرىشەلمەي قاردا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان يېرىگە كەلگەنىدى.

ــ ئىتلار مېنى كۆرۈپ قالدى، ــ دېدى ئۇ، ــ ئىت دېگەن بەك قورقۇنچلۇق نېمىكەن، ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولار شۇنچىلىك بولار. ئاغزىنى ئاچىدىغان بولسا، كانىيى قاندەك قىپقىزىل، ھاۋششىلىرىنىڭ قەبىھلىكىچۇ تېخى، ــ ئۇ، ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ... ھەي... شۇنىڭدىن كېيىن دائىم شۇلار بىلەن بىللە ئوينايدىغان بولدۇم، خۇددى سىلەر بىلەن بىللە ئوينىغاندەك... ــ ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلەندى، ــ ... ئۇلار بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغاچقا، قورقماس بولدۇم. ئۇنداق دېگىنىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالىدىغان بولسا ھاۋشىپ قولاق ـ مېڭەمنى يەۋېتىدۇ، يۈرىكىممۇ مۇجۇلۇپ سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يامان نىيىتى يوق. خۇددى بايا ئۇلارنى دوستۇم دېگىنىمدەك... لېكىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن بەك يامان، ــ ئۇ سۆزلەشتىن توختاپ قالدى.

ــ ھە سۆزلىمەمسەن! ــ دېدى فالىنە ئۇنى ئالدىرىتىپ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى گېپىر فالىنەنگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، ــ ئۇ چاغدا «ئۇ» كېلىپ قالمىغان بولسا ئىتلار مېنى تالاپ تىتما ـ تىتما قىلىۋەتكەن بولاتتى...

گېپىر بىردەم تۇرۇۋالدى، ئەتراپتىكىلەر-









نىڭ ھەممىسى دېمىنىمۇ چىقارماي قارىشىپ تۇراتتى.
— «ئۇ» كېلىپ ئۈتلىرىغا بىرلا ۋارقىرىغانىدى،
ھەممىسى جىممىدە بولۇپ قالدى، — دېدى گېبىر، —
يەنە بىر ۋارقىرىغانىدى، ياۋاشلىق بىلەن ئايىغىدا يېتىش-
تى. «ئۇ» كېلىپ مېنى يۆلىگەندى، قورقۇپ چىرقىراپ
كەتتىم. «ئۇ» مېنى بوشقىنا سىلىدى. ئۆلتۈرۈش تۇ-
گۈل، ئەكسىچە ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى...
— كۆتۈرۈپ دېگىنىڭ نېمىسى؟ — سورىدى فالىنە ئۇنىڭ گېپى-
نىڭ بېلىگە تېپىپ.
گېبىر ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، قالتىس بىر قىياپەتنى
دورىدى.
— بۇ بەك ئاددىي ئىش، — دېدى بەمبى گەپ ئارىلاپ، — فا-
لىنە، تىيىنىڭ مېۋىنى قانداق ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرگەن بولسى-
ڭىزلا بۇنى بىلەلەيسىز...
— مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بولىدىغان... — دېدى گەپ قىلىش
پۇرستى كەلدى دەپ بىلگەن تىيىن قىن - قىنىغا پاتماي. لېكىن قال-
غانلار، — جىم تۇر! جىم تۇر! گېبىرنى سۆزلىگىلى قوي! — دەپ
چۇرقىرىشىپ كەتتى.
تىيىن ئامالسىز ئاغزىنى يۇمۇپ، مەيۈسلەنگىنىدىن قوللىرىنى
مەيدىسىگە قويغىنىچە قېشىدىكى سېغىزخانغا سۆزلىگىلى تۇردى:
— ... مۇنداق ئىش ئىدى... مېنىڭ نەۋرە ئاكام...
بىراق سېغىزخان ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇ-
رۇۋالدى.
گېبىر قىزىقارلىق ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:
— سىرت شۇنچىلىك سوغۇق، شۇۋىرغان ئۇش-
قىرىتىپ تۇرغىنى بىلەن، «ئۇ»نىڭ ئۆيىدە ھېچبىر
شامال يوق، خۇددى يازدىكىلا ئىسسىق ئىكەن.
— قىرررر! — ئالا قاغا دەھشەتلىك بىرنى قىرقى-





ردى.

— سرتتا چىلەكلەپ يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەندىمۇ، «ئۇ»نىڭ ئۆيى ئىچىگە بىر تېمىمۇ يامغۇر ياغمايدىكەن، ھەممەيلەن شۇنداق راھەت ياشايدىكەن.

قىرغاۋۇللار مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ باشلىرىنى چايقاشتى.

— سىرتنى قار ـ مۇز قاپلىغاندىمۇ ئۆي ئىچىدە ئىسسىقتىن تەرلەپ تۇرىدىكەنمىز. «ئۇ» ماڭا يېگىلى قۇرۇق چۆپ، كاشتان، كەرەپشە، تۇرۇپ دېگەندەكلەرنى، ئىشقىلىپ نېمە يەيمەن دېسەم شۇنى بېرىپ تۇردى...

— قۇرۇق چۆپ دېدىڭما؟ — ھەيران بولغىنى ھەم ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن ھەممەيلەن تەڭلا سوراشتى. ئۇلار بۇ گەپكە ھېچ ئىشەنمەيۋاتاتتى.

— كۆپكۆك، شۇنداق تاتلىق قۇرۇق چۆپ دېگىنە، — گېپىر شۇنداق دەۋېتىپ ھەممەيلەنگە غالىبلارچە قاراپ قويدى.

بۇ چاغدا تىيىننىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام...

— جىم تۇرساڭ بولمامدۇ! — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى كۆپچىلىك.

— قىشتا ئۇ نەدىن قۇرۇق چۆپ تاپىدىكەن؟ — دەپ سورىدى فالىنە ئالدىراپ، — باشقا يېمەكلىكلىرىمۇ بارمىكەن تېخى؟

— «ئۇ» ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزى ئۆستۈرەلەيدىكەن، — دېدى گېپىر، — نېمىنى ئۆستۈرگۈسى كەلسە شۇنى ئۆستۈرىدىكەن.

شۇڭلاشقا نېمىنى خالىسا شۇ نېمىسى بولىدىكەن.

— ئۇ يەردە كۈندىلا يۈرىكىڭ پوك ـ پوك ئۆتكەنسەن؟

— سورىدى فالىنە.



— ياق، — دېدى گىبىر كۆرەڭلىك بىلەن سۇس كۈلۈپ قو-
يۇپ، — زادىلا قورقمىدىم. «ئۇ»نىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلمايدى-
غانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىدىن قورقاتتىم. سىلەر ھەممىڭلارلا
«ئۇ»نى بەك ئەسكى، بەك ۋەھشىي دەپ قارايدىغەنسىلەر، ئەمەل-
يەتتە «ئۇ» ئەسكى ئەمەس. «ئۇ» بىرسىنى ياقتۇرۇپ قالدىمۇ بول-
دى، ياخشىلىق قىلغىنى قىلغان. «ئۇ» ھەقىقەتەن بەك، بەك ياخشى،
ياخشىلىقتا ھېچكىم «ئۇ»نىڭغا يېتەلمەيدۇ...

گىبىر سۆزلەۋاتقاندا بۇغا شاھ تىۋىش چىقارمايلا دەرەخلىك ئا-
رىسىدىن چىقىپ كەلدى.

گىبىر بۇنى بايقىمىغاچقا ھېكايىسىنى سۆزلەۋەردى. ئولتۇر-
غانلاردىن بۇغا شاھنى كۆرگەنلەر ئەيمىنىش ئىچىدە ئىختىيارسىز دې-
مىنى ئىچىگە يۇتۇشتى.

بۇغا شاھ جىممىدە تۇرۇپ، سۇرلۇك، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى گىبىر-
گە تىكتى.

— ئۇلا ئەمەس، بالىلىرىمۇ ماڭا بەك ئامراق، — دېدى گىبىر، —
يەنە خانىمىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ماڭا بەك ئامراق. مېنى
سىلاپ قويىدۇ، باقىدۇ، مەن بىلەن بىللە ئوينايدۇ... — ئۇ بۇغا
شاھنى كۆرۈپ قالدى - دە، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي تۇرۇپلا
قالدى.

ھەممەيلەن جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى.

ئارقىدىنلا بۇغا شاھ خاتىرجەم، سۇرلۇك تەلەپپۇزدا سورىدى:

— بوينۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

ھەممەيلەن گىبىرنىڭ بوينىغا قاراپ، ئۇنىڭ بوينىدا قىلدىن يا-
سالغان غەلىتە بىر چەمبەر-
نىڭ سۇركىلىشى ۋە بوغۇشى
تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قې-
نىق ئىزنىڭ تۇرغانلىقىنى
كۆرۈشتى.





— بۇ... — دەپ دۇدۇقلىدى گىبىر، — مارجان ئاسمەن دەپ شۇنداق بولۇپ قالغان... «ئۇ» ماڭا ياساپ بەرگەن... ھە... بۇ مۇنداق ئىش... «ئۇ»نىڭ مارجىنىنى ئىپىش بەك شەرەپلىك... «ئۇ»... — ئۇ دۇدۇقلاپ گې-پىنى تاپالماي قالدى.

كۆپچىلىك گەپ قىلىشمىدى. بۇغا شاھ گىبىرگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرۇۋېپ كەتـ-كەندىن كېيىن، قەلبى بىردىنلا ھەس-رەتكە تولدى.

— بىچارە، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، ئاندىن بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ھەممەيلەن ھەيرەتتە قېلىشتى.

تىيىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ گې-پىنى دېگىلى تۇردى:

— مۇنداق ئىش... مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكاممۇ «ئۇ»نىڭ قېشىدا تۇرغان... ئۇنى تۇتۇپ سولاپ قو-يۇپتۇ... ھە، بەك ئۇزاق سولاپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى نەۋرە ئاكام...

تىيىننىڭ گەپلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. بۇ چاغدا ھەر-كىم ئۆز يولىغا را-ۋان بولۇشقانىدى.



## 17 ـ باب

بىر كۈنى مارىنا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى.

گىبىر يوقاپ كەتكەندە ئۇ چوڭلا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۆزىنى كۆپچىلىكتىن يىراق تۇتۇپ، ئۆزى يالغۇز ئۆتكەچكە، ئۇنى ئۇچراتقانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئۇ ۋىجىك، قارىماققا ياش كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ تېيىن، ئالا قاغا، سېغىزخان، تۇردۇس ۋە قىرغاۋۇللاردىن گىبىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەم بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، گىبىر بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

گىبىرنىڭ ئاپىسى مارىنانىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى ئىپتىخارلاندى ھەم خۇش بولدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان كۈنلىرىنى بەخت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. پۈتكۈل ئورمانىدىكىلەرنىڭ ئوغلىنىڭ پارىڭىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ نام ـ شەرىپىدىن مەست بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ گىبىرنى پۈتكۈل ئورمان بويىچە ئەڭ ئەقىللىك، ئەڭ قابىلىيەتلىك، ئەڭ مۇنەۋۋەر دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— سىز دەپ بېقىڭچۇ مارىنا، — دېدى ئۇ شۇڭلاشقا، — سىزچە گىبىر قانداق؟ — مارىنانىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۇ گېپىنى ئۇلاۋەردى، — ھېلىمۇ ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، ئۇ چاغلاردا گىبىر سوغۇقتا دىر ـ دىر تىترىسە نەتىللا خانىم ئۇنى يارىماس دېگەن.. يەنە ئۇنى باققىنىڭىزغا ھاردۇقىڭىز چىقمايدۇ دېگەنلىكىمۇ ئېسىڭىزدىدۇ؟

— شۇنداق. سىز گىبىر ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۆپ ئەجىر قىلدىڭىز، — دېدى مارىنا.

— ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى! — دېدى

گېبېرنىڭ ئاپىسى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئىشنى بىچە بىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىدىن ھەيران قالدى، — ھەي، نەتىللا خانىمغا تولىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇ گېبېرنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرمەيلا ئۆلۈپ كەتتى دېسە.

— شۇنى دېمەمسىز، ھەي بىچارە نەتىللا خانىم، — دېدى مارىنا بوش ئاۋازدا، — ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى.

گېبېر ئاپىسىنىڭ مۇشۇنداق ماختاشلىرىغا ھېرىسمەن ئىدى. ئاپىسىنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا خۇددى ئاپتاپسىنىپ تۇرغاندەك ئۆزىنى تولىمۇ راھەت ھېس قىلاتتى.

— ھەتتا شاھ بۇغىمۇ گېبېرنى كۆرگىلى كەلدى دەڭا... — دېدى ئاپىسى مارىناغا. ئاندىن ئاۋازىنى پەسلىتىپ سىرلىق، ئەمما تەنتەنىلىك تۈستە قوشۇمچە قىلدى، — ئۇ ئىلگىرى ئەزەلدىن ئارىمىزغا كېلىپ باقمىغان. گېبېر كېلىپ ئاندىن قەدىمى يەتتى!

— ئەمىسە ئۇ نېمىشقا مېنى «بىچارە» دەيدۇ؟ — گەپ قىستۇردى گېبېر خاپا ھالدا، — بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئۇ زادى نېمە مەقسەتتە بۇ گەپنى قىلغاندۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى ئاپىسى تەسەللى بېرىپ، — يېشى چوڭايغاندا مىجەزىمۇ غەلىتە بولۇپ قالىدىكەن.

بىراق گېبېر ئاخىر بۇ ئىشقا بولغان نارازىلىقىنى ئاشكارىلىدى:

— شۇنچە كۈنلەردىن بېرى مۇشۇ ئىش مېنى ئازابلاپ كەلدى. بىچارە! مېنىڭ نەرىم بىچارە ئىكەن! ناھايىتى بەختلىك ھەم خۇشال تۇرۇۋېتىمەنغۇ مانا! كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم، بىلىدىغانلىرىم ھەممىدىن كۆپ! دۇنيا، ھايات ھەققىدىكى تونۇشۇم پۈتكۈل ئورمان بويىچە ئەڭ چوڭقۇر! مارىنا، سىزچىچۇ؟

— شۇنداق، — دېدى مارىنا، — بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مارىنا بىلەن گېبېر بىللە يۈرىدىغان بولدى.

# 18 ـ باب

بەمبىنىڭ بۇغا شاھنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. ئورماندا كېچىچە، تاكى تاڭ يورۇپ كۈن چىققۇچە توختىماستىن ماڭمىغان يوللاردىمۇ مېڭىپ باقتى. فالىنە قېشىدا بولمىغاچقا، نەگە ماڭغۇسى كەلسە ماڭىۋەردى. بەزىدە فالىنەنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بارغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينىغۇسى، پاراڭلاشقۇسى، ئوتلاق ۋە ئورماندا بىللە ئوتلاپ يۈرگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن بۈگۈنلۈكتە بۇلار بىلەنلا ئۇ-نىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تولۇق قېنىپ بولمايتتى.

ئىلگىرى فالىنە بىلەن بىللە يۈرگەن چاغلىرىدا بۇغا شاھنى ئانچە ـ مۇنچە ئەسلەپ قالاتتى. لېكىن ھازىر بۇغا شاھنى شۇ قەدەر تەقەززالىق



بىلەن ئىزدىمەكتە. فالىنەنى بولسا مۇشۇ كۈنلەردە ئاران بىر قېتىملا ئەسلەپ قويدى. ئىشقىلىپ ئۇنى قاچانلا كۆرىمەن دېسە كۆرەلەيدۇ، باشقىلار بىلەن، مەسلەن، گېبىر، ئانىنا چوڭ ئاپىسى قاتارلىقلار بىلەن بىللە بولامدۇ بەمبى ئۈچۈن بەربىر.

ئۇ، گېبىر تۇرۇش ئېھتىمالى بار يەرلەرگە يولىمىدى.

بۇغا شاھىنىڭ گېبىرگە بەرگەن ھېلىقى باھاسى بەمبىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن نېرى كەتمەي، ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا ئىدى. گېبىر قايتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپلا نېمىشقىدۇر ئۇ بەمبىنىڭ كۆزىگە سىغماس، ئۇنىڭدىن ئۆزىچىلا نومۇس قىلىدىغان، تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كاللىسى ئاددىي، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان گېبىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىلا، كاللىسىغا «بىچارە» دېگەن سۆز كىرىۋالىدىغان بولغانىدى.

قاپقاراڭغۇ بىر كېچىسى بەمبى ئۇكەگە ئۇچراپ قالدى. ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك قورققان سىياقتا كىرىۋالدى ھەم تۇيۇقسىزلا كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— بۇغا شاھىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇكە «ھۇ - ھۇ» دەپ ھۇۋلاپ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما بەمبى ئۇنىڭ دېگىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى بەمبى، — بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. سەن شۇنچىلىك ئەقىللىك، زېرەك تۇرساڭ، ئورماندىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز قېلىشىڭ مۇمكىنمۇ... بۇغا شاھىنىڭ نەدىلىكىنى چوقۇم بىلىسەن.

ئۇكە ھۇرپىيىپ تۇرغان پەيلىرىنى يىغقانىدى، بەدىنى كىچىكلا بولۇپ قالدى.

— بىلىشنىغۇ بىلىمەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ھۇھۇلاپ، — لېكىن دېسەم بولمايدۇ... زادىلا دېيەلمەيمەن...

— باشقىلارغا دېمەيتتىم، — دېدى بەمبى يالۋۇرۇپ، — سېنى



شۇنچىلىك ھۆرمەتلەيدىغان تۇرسام، ماڭا دەپ بەرگەنلىرىڭنى يېيە-ۋېتەمدىم...

ئۇكە بۇرۇنقىدەكلا خۇش بولغىنىدىن پەيلىرىنى ھۇرپەيتىپ، چى-رايلىق، يۇمشاق توپ سىياقىغا كىردى - دە، زېرەك كۆزلىرىنى پىر-قىراتقىلى تۇردى.

— ھوي، مېنى راستتىنلا ھۆرمەتلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇكە، — نېمشقا ئەمدى؟

— چۈنكى سەن ئەقىللىك، كۆرگىنىڭ كۆپ، — دېدى بەمبى ئىككىلىنىپ تۇرمايلا راست گېپىنى ئېيتىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە قى-زىقچى ھەم دوستانە. يەنە باشقىلارنى قورقۇتۇشقىمۇ بەك ئۇستا. مەنمۇ مۇشۇنداق بولسامچۇ دەپ بەك ئارزۇ قىلىمەن. بۇنىڭ ماڭا پايدىسى زور.

ئۇكە مەمنۇن بولغىنىدىن تۇمشۇقىنى كۆكرىكىدىكى پەيلىرىگە

چوڭقۇر پاتۇردى.

ــ بوپتۇ، دېسەم دەپ بېرەي، ــ دېدى ئۇ، ــ بۇغا شاھ ساڭا بەك ئامراق...

ــ راستىنلا شۇنداق دەپ قارامسەن؟ ــ دېدى بەمبى خۇش بولغىنىدىن يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ.

ــ ھەئە، شۇنداق دەپ قارايمەن، ــ دېدى ئۇكە، ــ ئۇ سېنى ياخشى كۆرگەچكە شۇنداق دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەن، ــ پەيلىرىنى يىغقاندى، ئۇ ۋىجىكلا بولۇپ قالدى، ــ ھېلىقى تاللىق جىلغىنى بىلەمسەن؟



ــ بىلمەن، ــ دېدى بەمبى بېشىنى لىڭشىتىپ.

ــ ئۇنداقتا جىلغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كاۋچۇكزارلىقنىمۇ بىلىدىكەنسەن ـ دە؟

ــ بىلمەيدىكەنمەن، ــ دېدى بەمبى راستىنى ئېيتىپ، ــ جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىگە زادىلا بېرىپ باقماپتىمەن.

ــ ئەمسە دىققەت قىلىپ ئاڭلا، ــ ئۇكە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ــ جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قويۇق كاۋچۇكزارلىق بار. كاۋچۇكزارلىقتىن ئۆتسەڭ چوڭ بىر چاتقاللىق ئۇچرايدۇ. ئۇ يەردە ياڭاق دەرىخى، ئاق تېرەك، دولانا، بۇرجۇن دەرەخلىرى بار. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوران ئۆرۈۋەتكەن بىر تۈپ بۇك دەرىخى ياتىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇبدانراق ئىزدە. چۈنكى پەستە تۇرۇپ قارىغاندا، ئاسماندا تۇرۇپ قارىغاندىكىدەك ئۇنچە ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ. بۇغا شاھ ئەنە شۇ يەردە، دەرەخ غولىنىڭ تۈۋىدە تۇرىدۇ. بىراق... مېنىڭ دېگەنلىكىمنى ھەرگىز دېمەيسەن جۇمۇ!

ــ دەرەخ غولىنىڭ تۈۋىدە دېدىڭما؟

ــ شۇنداق! ــ ئۇكە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ــ دەل شۇ يەردە. ئۇ يەر ئويمان. دەرەخ غولى ئۇنى يېپىپ تۇرىدۇ. ئۇ دەل

شۇ يەردە.

— رەھمەت، — بەمبى چىن دىلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى، — ئۇنى تاپالامدىمەن، تاپالمامدىمەن، بىلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ ساڭا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت.

شۇنداق دەپلا ئۇ قويۇندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۈكە گەپ قىلماي ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز: «ھۇ - ھۇ» دەپ چىرقىراق ئاۋازدا سايرىدى.

بەمبى قورقىنىدىن تاقلاپ كەتتى.

— قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟ — سورىدى ئۈكە.



— ھەئە... — دېدى بەمبى دۇدۇقلاپ. بۇ قېتىم ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەنىدى.

ئۈكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولغىنىدىن ھۇھۇلاپ:

— باشقىلارغا دەپ قويما دەپ ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم! — دېدى.

— ھەرگىز دېمەيمەن! — بەمبى شۇنداق دېدى - دە، قويۇندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

چوڭقۇر جىلغىغا كەلگەندە بۇغا شاھ تىۋىش چىقارماي قاراڭغۇ، چوڭقۇر بىر جايدىن تۇيۇقسىزلا چىققانىدى، بەمبى يەنە چۆچۈگىنىدىن تاقلاپ كەتتى.

— ئەمدى مېنى ئىزدىگەن جايىڭدىن تاپالمايسەن، — دېدى بۇغا شاھ.

بەمبى گەپ قىلمىدى.

— مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىشىڭ؟ — سورىدى بۇغا شاھ.

— ھېچ ئىش يوق... — بەمبى دۇدۇقلىدى، — ھە... ھېچ ئىش يوق... كەچۈرۈڭ...

سەلدىن كېيىن بۇغا شاھ يەنە ئېغىز ئاچتى. تەلەپپۇزى بەكمۇ مۇلايىم ئىدى:

— مېنى ئىزدەۋاتقىنىڭغا خېلى بولدى - ھە؟

ئۇ بەمبىنىڭ جاۋابىنى كۈتكەندى، ئۇ لام - جىم دېمىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بۇغا شاھ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئەمەلىيەتتە تۈنۈگۈن ئىككى قېتىم قېشىمدىن ئۆتۈپ كەتتىڭ.
بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ ئىككى قېتىم، ئاربىلىقىمىز شۇنچىلىك يېقىن...
— نېمىشقا... — بەمبى غەيرەتكە كېلىپ سورىدى، — نېمىشقا
گېپىرنى شۇنداق دېدىڭىز؟
— سىنىڭچە مېنىڭ دېگىنىم خاتامۇ؟
— ياق! — دېدى بەمبى ھاياجانلانغىنىدىن يۇقىرى ئاۋازدا، —
پۈتۈنلەي ئەكسىچە، دېگىنىڭىزنى تامامەن توغرا دەپ قارايمەن!
بۇغا شاھ كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرمەي بېشىنى لىڭشىتقىنىچە بەمە-
بىگە تىكىلدى. كۆزلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك مېھرىبانلىق بىلەن
تولغانىدى.
— بىراق... زادى نېمىشقا... ھېچ چۈشىنەلمىدىم! — دېدى بەمە-
بىمۇ ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى تىكىپ.
— مۇشۇنى ھېس قىلالىغانلا بولساڭ بولدى. قالغىنىنى ئالدىرى-
ماي بىلىپ قالىسەن. خەير خوش.



# 19 - باب

ئۇزاق ئۆتمەي كۆپچىلىك گېپىرنىڭ غەلىتە بىر مىجەزىنى بايقاپ تەھلىكىگە چۈشتى. كېچىدە ھەممەيلەن ئويغىنىپ سىرتلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندە ئۇ ئۇخلايتتى. كۈندۈزى ھەممەيلەن ئۇخلىغىلى ياتقاندا ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي سىرتلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى. يەنە قاچان ئورماندىن چىققۇسى كەلسە شۇ چاغدا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېرەتتى. ھېچنېمىدىن ئەنسىرەپمۇ يۈرمەيتتى. تېخى كۈپكۈندۈزدە ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تۇراتتى.

— بىرەر خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىساڭ قانداق قىلىسەن؟ — دېدى بەمبى ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا ئاخىر چىداپ تۇرالماي.



— ياق، — دېدى گېپىر كەسكىنلىك بىلەن، — مەن ئۈچۈن ھېچقانداق خەتەر مەۋجۇت ئەمەس.

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ بەمبى بالام، — دېدى گې-
پىرنىڭ ئاپىسى گەپ قىستۇرۇپ، — گېپىر دېگەن سېنىڭ دوستۇڭ، ئۇ سەن، مەن، بىز قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ.

گېپىرنىڭ ئاپىسى بۇنىڭدىن چەكسىز ئېپتىخارلاندى.

بەمبى ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

بىر كۈنى گېپىر بەمبىگە:

— بىلەمسەن، مەن مۇشۇنداق ئوتلاشقا قەۋەتلا ئامراق. قا-
چان، قەيەردە ئوتلاشنى ئۆزۈم بېكىتىۋېرىمەن، — دېدى.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار؟ — دېدى بەمبى چۈشە-
نەلمەي، — ھەممىمىزلا شۇنداققۇ.

— شۇنداق... — گېپىرنىڭ تەلەپپۇزىدىن مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى، — لېكىن مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. مەن يەپ - ئىچ-
دىغىنىمنى باشقىلارنىڭ تەييارلاپ ئەكېلىپ بېرىشىگە ئادەتلەنگەن.

بەمبى ئىچى ئاغرىغان ھالدا گېپىرغا، ئاندىن ئانىنا چوڭ ئاپىسى، فالىنە ۋە مارىنالارغا قارىدى. ئۇلار كۈلۈمسىرەشكىنىچە گېپىرغا ھە-
ۋەسلىنىپ قارىشىپ تۇراتتى.

— مېنىڭچە، — دېدى فالىنە گەپ باشلاپ، — سەن قىش كەل-
سە قىيىنىلىپ قالىسەن. قىشتا بىزنىڭ بۇ يەردە قۇرۇق چۆپ، تۇرۇپ ۋە كەرەپشە دېگەنلەرنى ھەرگىز تاپقىلى بولمايدۇ.

— بۇغۇ راست، — دېدى گېپىر ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — بۇ ئىشنى زادىلا ئويلىشىپ باقماپتىمەن. شۇنداق بولۇپ قالسا ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەرگۈدەك.

— قورققۇدەك ئىش يوق، — دېدى بەمبى خاتىرجەم ھالدا، — تۇرمۇشۇڭ سەل جاپادا ئۆتىدۇ شۇ.

— ۋاي - ۋۇي، — دېدى گېپىر ياسالمىلىق قىلىپ، — راست-
تىنلا شۇنداق جاپالىق بولسا قايتىپ كېتىمەن. بۇ يەردە ئاچ قېلىپ

نېمە كەپتۇ.

بەمبى لام - جىم دېمەي بۇرىلىپلا كېتىپ قالدى.

ئەتىسى گېپىر مارىنا بىلەن يالغۇز قالغاندا بەمبىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى.

— بەمبى دوستۇم بولغىنى بىلەن مېنى چۈشەنمەيدۇ، — دېدى گېپىر، — ئۇ تېخىچىلا مېنى بۇرۇنقى ئىش ئۇقماس گېپىر دەپ ئويلايدۇ. ھازىر مېنىڭ قالتىس بولۇپ كەتكىنىمنى ئېتىراپ قىلغۇسى يوق. خەتەر - پەتەر دەپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! خەتەرنىڭ نېمىلىكىنى ئۇ نەدىن بىلەتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ ياخشى كۆڭلىدۇ. شۇنداقتىمۇ خەتەر دېگەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەقەمسايىلىرىنى ئەگىپ يۈرىدۇ. مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق!

مارىنا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قۇۋۋەتلىدى. چۈنكى ئۇ گېپىرنى ياخشى كۆرىدۇ، گېپىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىككىلەن بىللە بولسا ئۆزلىرىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

— سىزگىمۇ ئايان، — دېدى گېپىر ئۇنىڭغا، — مېنى ھېچكىم سىزدەك چۈشەنمەيدۇ! ئەلۋەتتە ھېچكىمدىن ئاغرىنىشىم يوق، ھەممىلا خەق مېنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلەۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ سىزلا مېنى ئەڭ چۈشىنىسىز، باشقىلار بولسا... ئۇلارغا «ئۇ»نىڭ ياخشىلىقىنى دېسەم، ئاڭلاپلا قويۇشتى. مېنىڭ يالغان ئېيتمىغانلىقىمغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن يەنىلا «ئۇ»نى بەك قورقۇنچلۇق دەپ قاراشتى.

— مەن «ئۇ»نىڭغا ئەزەلدىن ئىشىنىپ كەلگەن، — دېدى مارىنا يېقىملىق ئاۋازدا.

— راستىما؟ — دېدى گېپىر پەرۋاسىز قىياپەتتە.

— ئېسىڭىزدىمىكىن؟ — دېدى مارىنا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاشۇ كۈنى، يەنى سىز قاردا يېتىپ قالغان كۈنىچۇ. ئۇ كۈنى «ئۇ» ھامان بىر كۈنى



ئورمانغا كەلمەي قويمايدۇ، قېشىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئوينايدۇ، دېگەنىدىم...

— ياق، — دېدى گېپىر كېرىلىپ قويۇپ، — ئېسىمدە يوق تۇرىدۇ.

بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى تاڭ ئاتاي دېگەندە بەمبى بىلەن فالىنە، گېپىر بىلەن مارېنا ئۆزلىرى دائىم بارىدىغان ھېلىقى ياڭاق تۈۋىدە يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. بەمبى بىلەن فالىنە قايتار يولدا قېرى كاۋچۇك بويىدىن ئۆتۈپ، بىرەر خىلۋەت جاينى تېپىپ ئارام ئالماقچى بولۇپ تۇرغاندا گېپىر بىلەن مارېنانى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى ئوتلاققا مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن.

— سەن يەنىلا بىز بىلەن بىللە تۇرغىن، — دېدى بەمبى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، — كۈن چىقايلا دەپ قالدى، كۈپكۈندۈز بولغاندا ئەمدى ھېچكىم سىرتقا چىقمايدۇ.

— كۈلكىلىك گەپقۇ بۇ! — دېدى گېپىر مازاق قىلىپ، — ھېچكىم چىقمىسا ... مانا مەن چىقىمەن.

گېپىر شۇنداق دەپلا چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى، مارېنا ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

بەمبى بىلەن فالىنە جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

— يۈرۈڭ! — دېدى بەمبى خاپا بولغىنىدىن فالىنەگە، — يۈرۈڭ، كېتەيلى! ئۇ نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن.

ئۇلار ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئورمان سىرتىدا كىمدۇر بىرى ئەنسىز چىرقىراپ كەتتى. ئوتلاقنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىنمۇ ئالا قاغىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قاقىلدىشى ئاڭلاندى.

بەمبى دەرھال بۇرۇلۇپ گېپىر بار تەرەپكە شىددەت بىلەن يۈگۈردى. كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئالدىغا باراي دېگەندە گېپىر بىلەن مارېنانى قوغلاپ يەتتى، — قۇلىقىڭ ئاڭلىمىدىمۇ؟ — بەمبى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— نېمىنى؟ — دەپ سورىدى گېپىر ھاڭۋېقىپ قاراپ.

بۇ چاغدا ئۇتلاقتىكى ئالا قاغا يەنە ئەنسىز قىرقىرىدى.

— هازىرمۇ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — بەمبى يەنە سورىدى.

— ياق، — جاۋاب بەردى گېببىر هېچ ئىش بولمىغاندەك.

— خەتەرلىك! — دېدى بەمبى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ.

ئەمدىلىكتە سېغىزخانمۇ شاراقلاشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بىر - ئىككى سېغىزخانمۇ قوشۇلۇپ غەلۋە قىلىشقىلى تۇردى. ئارىدا يەنە ئالا قاغا ۋە ئاسماندىكى قارا قاغىلارنىڭمۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بار ئىدى.



— سىرتقا چىقماڭ گېببىر! خەتەرلىك! — دېدى فالىنەمۇ يالۋۇرۇپ.

— خەتەر، خەتەرلا دەيدىكەنسىلەر! بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ — دېدى گېببىر مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىگىنىچە.

بەمبى ئامالسىز بىر ئەقىلنى ئويلاپ تاپتى:

— ئەمسە مارېنا چىقىپ قاراپ باقسۇن، ئاندىن...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا مارېنا سىرتقا چىقىپ بولغانىدى.

قالغان ئۈچەيلەن ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بەمبى بىلەن فالىنە جىددىيلەشكىنىدىن دېمىنىمۇ چىقىرالمىدى. گېببىر بولسا هېچ ئىش بولمىغاندەك تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ تاماشا كۆرمەكچى بولسا كېرەك.

ئۇلار مارېنانىڭ ئۇتلاققا ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىشلىرىغا قاراپ تۇردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككىلەنگەن هالدا ئۇ ياق - بۇ ياققا



قاراپ، هاۋانى ھدلاپ باقاتتى.

تۇيۇقسىز گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرغا يولۇققاندەك، چاقماق تېز-لىكىدە ئارقىسىغا بۇرالدى - دە، ئورمانغا قېچىپ كىرىۋالدى.

— «ئۇ»... «ئۇ» ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ! — مارىنا قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي، غال - غال تىترىمەكتە ئىدى، — مەن... مەن... «ئۇ»نى كۆردۈم... «ئۇ» ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ... — ئۇ كېكەچلىمەكتە ئىدى، — ئاۋۇ يەرنىڭ ئۇدۇلىدا... «ئۇ» بىر ئالنۇس دەرىخىنىڭ تۈۋىدە...

— دەرھال كېتەيلى! — دېدى بەمبى تولۇپ، — تېز!

— قايتىپ كەل! — دەپ يالۋۇردى فالىنە گېبىرغا.

مارىنا نەپسى يېتىشمەي قالغىنىغا قارىماي:

— گېبىر، ئۆتۈنۈپ قالاي، تېز قايتىپ كېلىڭ... ئۆتۈنۈپ قالاي... — دەپ يالۋۇردى.

بىراق گېبىر ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى.

— قاچقۇڭلار بولسا قاچىۋېرىڭلار، — دېدى ئۇ، — سىلەرنى توسۇمايمەن. ئەگەر «ئۇ» كەلسە، ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىمەن.

گېبىر ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدىغاندەك قىلمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار گېبىرنىڭ ئورماندىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا قېلىشتى. گېبىر-نىڭ قەتئىي ئىرادىسى ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل بېسىم بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېيتقۇسىز تەھلىكە ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغاچقا، ئۇلار قىمىر قىلماي تۇرۇشماقتا ئىدى.

گېبىر ھېچنېمىدىن ھېيىقماي ئوتلاققا بېرىپ تۇرغىنىچە ئەتراپقا سەپسېلىپ، مارىنا ئېيتقان ئالنۇس دەرىخىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. مانا ئاخىر ئۇ دەرەخنى تېپىپ، «ئۇ»نى كۆرگەندەكمۇ قىلدى. دەل شۇ چاغدا چاقماق چاققاندەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى.





ئاۋاز بىلەن تەڭ گېبېر ئېگىز بىرنى تاقلىدى ـ دە، شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، سەنتۈرۈلگىنىچە ئورمانغا ئۆزىنى ئاتتى.

قالغان ئۈچەيلەن قايتىپ كېلىۋاتقان گېبېرغا ھاڭۋېقىپ قاراشقىنىچە ھەيكەلدەك تۈرۈپلا قېلىشتى. ئۇلار گېبېرنىڭ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. لېكىن گېبېر توختاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ھە دەپ قاچماقتا ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارمۇ ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تەڭ قاچتى.

بىراق ئۇزاققا بارمايلا گېبېر گۈپپىدە يىقىلدى.

مارېنا دەرھال توختاپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇردى.

بەمبى بىلەن فالىنە قېچىشقا تەييارلىنىپ سەل نېرىدا قاراپ تۇردى.

گېبېرنىڭ قورسىقىدىن يوغان تۆشۈك ئېچىلغان، قانغا مىلەنگەن ئۈچەي ـ قېرىنى پۇلتىيىپ چىققىنىچە ياتاتتى. ئۇ جانسىز تىپىرلىغىنىچە بېشىنى ھە دەپ كۆتۈرەتتى.

ــ ماري... ــ دېدى ئۇ ئارانلا، ــ مارېنا... «ئۇ» مېنى تونۇمدى... ــ شۇنداق دەپلا ئۇنىڭ ئۈنى ئۈزۈلدى.

تېز يۈگۈرەۋاتقان ئېغىر قەدەملەر ئوتلاق تەرەپتىن ئورمانغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

مارېنا گېبېرغا باققىنىچە بېشىنى ئەگدى.

ــ «ئۇ» كەلدى! ــ مارېنانىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ، گېبېر-

نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ـــ گىبىر... «ئۇ» كەلدى! ئورنۇڭدىن تـۇ-
رۇپ مەن بىلەن بىللە...
گىبىر يەنە بىر قېتىم كۆچسىز دىرىلدىغىنىچە بېشىنى كۆتۈردى ـ
يۇ، پۇتلىرى تارتىشىپ ئامالسىز يېتىپ قالدى.
شاخ ـ شۇمبىلار قاراسلاپ ئىككى ياقـقا قايرىـلىشقا باشلىـدى.
دېمەك «ئۇ» ئورمانغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى.
مارىنا يېقىنلا جايدىن «ئۇ»نى كۆردى ۋە ئاستا چېكىنىپ قويۇق
چاتقاللىق ئارىسىغا كىردى ـ دە، بەمبى بىلەن فالىنەنىڭ ئارقىسىدىن
يۈگۈردى.
كېتىۋېتىپ ئۇ يـەنە بىر قـېتىم ئـارقىسـىغا بۇرىلـىپ قارىدى. بـۇ
چاغدا «ئۇ» گىبىرنى پۈكلىگىنىچە تۇتۇۋالغانىدى.
ئارقىدىنلا ئۇلارغا گىبىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابلىق ئىڭـراش-
لىرى ئاڭلاندى.



# 20 ـ باب

بەمبى ئۆزى يالغۇز قومۇش ۋە سۇ چۆپلىرىنى ئارىلاپ جىممىدە ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن بويىغا كەلدى.

ئۇ، توپتىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاش ئويىغا كەلگەنىدىن بېرى بۇ يەرگە كۆپ كېلىدىغان بولغانىدى. بۇ يەردە يول ناھايىتى ئاز بولغاچقا، تونۇشلىرىنى ئاز ئۇچرىتاتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ. چۈنكى ھازىر ئۇ ئۆزىنى ئېغىر ـ بېسىق، غەمكىن، ھەسرەتلىك سېزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. روھىيىتىدە زادى نېمە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. كېيىنكى كۈنلەرنى غۇۋا پەرەز قىلىپ، تۇرمۇشقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن نەزەر سالاتتى.

ئېقىن بويىغا كەلسىلا ئۇزاقتىن ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى. ئېقىن ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ يىراق ـ يىراقلارغا ئاقاتتى. بۇژغۇن چاچرىتىپ لەپ ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلاردىن كېلىۋاتقان سالقىن ھىد كۆڭۈلنى يايرىتىپ، ئىشەنچىنى ئاشۇراتتى.





بەمبى جىمجىت تۇرغىنىچە سۇدا بەس - بەستە غاقىلدىشىپ توپ - توپى بىلەن ئۈزۈپ ئويناۋاتقان ياۋا ئۆردەكلەرگە نەزەر سالدى. ئۇلار قارىماققا شۇنچىلىك ئىناق، دوستانە، سەممىي ۋە چىچەن كۆرۈنەتتى. ئانا ئۆردەكلەرنى قورشىۋالغان توپ - توپ چۈجىلىرى ئۇلاردىن ھاردىم - تالدىم دېمەي تەلىم ئالاتتى. بەزىدە ئانا ئۆردەك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ بىرلا غاقىلدىسا، چۈجىلىرى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن خۇددى بۇژغۇندەك تەرەپ - تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. ئايرىم - ئايرىم ياقىلارغا ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ ئازراقمۇ تىۋىش چىقارمايتتى. بەمبى تېخى ئۇچۇرۇم بولمىغان بۇ جانىۋارلارنىڭ قويۇق قومۇشلۇقلار ئارىسىغا قومۇش مىدىرلاپ كېتىپ ئېچىلىپ قالمايلى دەپ بىرەر تال قومۇشقىمۇ تەگمەي كىرىپ كېتىشلىرىگە قاراپ تۇردى. قارامتۇل بۇ جانىۋارلار بىردەمدىلا بۇ تەرەپتە پەيدا بولسا، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا كۆزدىن يىتىپ يەنە بىر تەرەپتە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئانا ئۆردەك بىرلا غاقىلدىسا ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، جەڭ كېمىلىرىدەك سەپ تۈزۈپ بولاتتى - دە، بۇرۇنقىدەك زوق - شوقى بىلەن ئۈزۈشكە باشلايتتى. بەمبى ھەر قېتىم بۇ كۆرۈنۈشتىن ھەيران بولۇپ، ئۇلارنى قالتىس دەپ ماختاپ كېتەتتى.

بىر قېتىم سىگنال بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ بىر ئانا ئۆردەكتىن سورىدى:

— بايا زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ مەن ھېچ بايقىيالمىدىمغۇ.

— ھېچ ئىش بولمىدى، — دېدى ئانا ئۆردەك.

يەنە بىر قېتىم سىگنال بېرىلىشى بىلەن بىر چۈجە تېز بۇرۇلۇپ قومۇشلۇقتىن ئۆتتى - دە، قىرغاققا ئۈزۈپ كەلدى. قىرغاققا يامىشىشىغا ئۇ يەردە تۇرغان بەمبىگە دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى





بەمبى، — ھېچ ئىشنى سەزمىدىمغۇ؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، — چۈجە شۈنداق دېدى ـ دە، قۇيـرۇق پەيلىرىنى تىترىتىپ تۈزىگەندىن كېيىن يەنە سۇغا چۆشۈپ كەتتى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن بەمبى يەنىلا بۇ ئۆردەكلەرگە بەك ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلار ئۆزىدىنمۇ سەزگۈر، قۇلاق ۋە كۆزلىـ ـرى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ئۆتكۈردەك تۇيۇلاتتى. بۇ يەردە تۇرسىلا ئۇنىڭ جىددىيچىلىككە تولغان كۆڭلى خېلىلا ئارام تېپىپ قالاتتى.

ئۇ، ئۆردەكلەر بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق ئىدى. چۈنكى ئۇلار ـ نىڭ دەپ بەرگەنلىرى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىغا ئوخشىمايتتى. مەسـ ـلەن، پايانسىز ئاسمان ۋە مەيىن شامال، يەنە يىراقتىكى داللارغا تو ـ لۇپ ياتقان مەئىشەتلەر دېگەندەك.



بىر كۈنى بەمبى كىچىككىنە بىر سايىنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى ئۇچقۇندەك يالتىندە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ كۆك ـ تارغاق بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدىن «چىۋ — چىۋ» دەپ سايرىغىنىچە ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقاندا، ھېلى كۆك ۋە يېشىل، ھېلى قىزىل كۆرۈنۈپ بەمبىنى تاڭ قالدۇردى. ئۇ بۇ غەلىتە ناتونۇش ئاداشنى يېقىن بىرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ توۋلىدى.

— بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىسەن، — دېدى قويۇق قومۇشلۇق ئا ـ رىسىدا تۇرغان بىر قومۇشلۇق تورغىيى، — ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئۇ ھەرگىز ساڭا يېقىن يولىمايدۇ.

— سەن قەيەردە؟ — بەمبى ئەتراپتىكى قومۇشلارغا قارىغىنىچە سورىدى.

— مەن بۇ يەردە! — دېدى تورغاي چۈچۈلاپ كۈلگىنىچە. لېكىن

بەمبى يەنىلا ئۇنى كۆرەلمىدى، ــ بايا سەن پاراڭلاشماقچى بولغان ئۇ نەرسە دائىم شۇنداق تىتىلداپلا يۈرىدۇ، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدۇ. شۇڭلاشقا بىكار ئاۋارە بولما دەۋاتىمەن.

ــ ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن! ــ دېدى بەمبى.

ــ بىراق ئۆزى بەك ئوسال! ــ دېدى تورغاي. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە بىر تەرەپتىن چىقتى.

ــ نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ ــ سورىدى بەمبى.

بۇ قېتىم تورغاينىڭ ئاۋازى يەنە بىر تەرەپتىن كەلدى:

ــ ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق، ئەتراپىدىكىلەر بىلەنمۇ پەرۋايى پەلەك. مەيلى نېمىلا ئىش بولسۇن ھېچكىمگە دەپ قويمايدۇ، باشقىلارنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالمايدۇ. خەتەر بولسا ھېچكىمگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيدۇ. ئىشقىلىپ تا مۇشۇ كەمگىچە ئۇ ھېچكىم بىلەن پاراڭلىشىپ باققان ئەمەس.

ــ نېمانداق بىچارە... ــ دېدى بەمبى.

تورغاي گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە بىر تەرەپتىن كەلدى:

ــ بەلكىم ئۇ، باشقىلار مېنىڭ بەدىنىمنىڭ رەڭدار بولغانلىقىغا ھەسەت قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارغا ئۆزۈمنى ئاز كۆرسىتەي دەپ ئويلايدىغاندۇ.

ــ ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەيدىكەنسەنغۇ، ــ دېدى بەمبى ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا.

شۇ ھامان تورغاي ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ـ دە:

ــ مېنىڭ كۆرگۈدەك نەرسەم بار، ــ دېدى تۈزلۈك بىلەن. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى بەدىنىدە سۇ تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. قاناتلىرى ئاددىي، يۇمشاق ھەم پارقىراق، زىلۋا تۇرقى شۇنداق چاققان، ئۆزى بەك شوخ ھەم خۇشخۇي ئىدى. ۋىشتىلا قىلىپ ئۇ يەنە كۆزدىن غايىب بولدى.

ــ ھېچ بىلەلمىدىم، نېمىشقا بىر جايدا مۇنچىۋالا ئۇزاق جىم تۇ-



ردىغانسەن؟ — ئۇ سۇدىن
شۇڭغۇپ چىقتى - دە، بىر-
دەمدىلا يەنە بىر ياققا ئۆتۈپ
قوشۇمچە قىلدى، — مۇنداق
مىدىرلىماي جىم تۇرۇۋېلىش
ھەم زېرىكىشلىك، ھەم خەتەر-
لىك، — بۇ چاغدا ئۇنىڭ
چۈچۈلىغىنى يەنە بىر تەرەپتىن
ئاڭلاندى، — بىز دېگەن تە-
نىمىسىز ھەرىكەتكە يارالغان! —
ئۇ خۇش بولغىنىدىن قىن - قى-
نىغا پاتماي قالغاندى، —
خاتىرجەم ياشايمىز، قورسىقى-
مىزنى تويغۇزىمىز دەيدىكەن-
مىز، توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرمىساق بولمايدۇ!

ئوت - چۆپلەرنىڭ شىلدىرلىشى بەمبىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئەت-
راپقا قاراپ، ئېقىن بويىدىكى دۆڭدىن قىزىل بىر نەرسىنىڭ يالتىدە
ئۆتۈپ قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان ئىسسىق ھىد بۇرنىغا
ئۇرۇلدى. ئۇ يەردىن بىر تۈلكە تۇيدۇرماي ئۆتكەنىدى.

بەمبى يەرگە چاپچىپ خەۋەر بېرەي دەپ تۇرۇشىغا قومۇشلارنىڭ
شالدۇر - شۇلدۇر قىلىپ ئىككى ياققا قايرىلغانلىقى، سۇلارنىڭ چاچرى-
غانلىقى، ئارقىدىنلا ئۆردەكنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى. ئۆردەك
ئۇچماقچى بولۇپ قاناتلىرىنى ھە دەپ پالاقلىتاتتى. قومۇشلار ئارىسى-
دىن ئۇنىڭ ئاپپاق بەدىنىنىڭ ھە دەپ يۇلقۇنۇشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتت-
تى. لېكىن تۈلكە ئۇنى چىشلەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئەمدى ھەرقانچە پالاق-
لىغىنى بىلەنمۇ بىكار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆردەك جىممىدە بو-
لۇپ، تۈلكە ئۇنى چىشلىگىنىچە قومۇشلار ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى.

ئۆردەكنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن، قاناتلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ سىلكىنىپ قوياتتى. لېكىن تۆلكىنىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ، بەمبىگە مازاق ئارىلاش كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى - دە، ئىرغاڭلاپ ماڭغىنىچە دەرەخلىك ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

بەمبى مىدىر - سىدىر قىلماي قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

بۇ چاغدا بىرنەچچە قېرى ئۆردەك ئالاقزەدە بولۇشقىنىدىن پالاق - پۇلۇق قانات قېقىشىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. تورغاي چۇچۇلاپ سىگنال بەردى. چاتقاللىق ئارىسىدىكى چۈمچۈقلار ئۈركۈشكىنىدىن ۋىچىرلىشىپ كېتىشتى. ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆردەك چۈجىلىرى قومۇشلۇق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشۇپ يۈم - يۈم يىغلاشماقتا ئىدى.

كۆكتارغاق ئېقىن بويلاپ تېز ئۇچۇشقا باشلىدى.

— ئاپىمىزنى كۆردىڭىزمۇ؟ — سورىدى چۈجىلەر، — دەپ بې-رىڭچۇ!



— چىۋ — چىۋ! — كۆكتارغاق ئەنسىز سايراش-قىنىچە بەمبىنىڭ قېشىدىن غۇيىدە ئۆتۈپ كەتتى، — ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم!

بەمبى بۇرۇلۇپلا يولىغا راۋان بولدى. ساپسېرىق گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بىر دالادىن ئاستا ئۆتۈپ ئور-مانغا ئۇلاشتى ۋە ياڭاقلىق ئارىلاپ يۈگۈرۈپ ئاخىر ھېلىقى چوڭقۇر جىلغىنىڭ بويىغا يەتتى. بۇ يەردە بۇغا شاھنى ئۇچرىتە-مەنمىكىن دەپ بېشى قايغان، پۈتى تايغان تەرەپكە يۈگۈرەۋەر-دى. چۈنكى گېپىر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ بۇغا شاھنى زادىلا ئۇچ-رىتىپ باقمىغانىدى.

ئاخىر بۇغا شاھنى كۆردى - دە، يىراقتىنلا ئۇنىڭغا قاراپ ئوق-تەك يۈگۈردى.

ئىككىيلەن ئۇن - تىنسىز بىردەم ياندىشىپ ماڭغاندىن كېيىن بۇغا شاھ:

— ئۇنداقتا ئۇلار ھازىرمۇ دائىم ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىپ تۇرىدىكەن - دە؟ — دېدى.

بەمبى بۇغا شاھ دەۋاتقان «ئۇ»نىڭ گېپىرنى كۆرستىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا:

— بىلمەيدىكەنمەن... ھازىر ئۆزۈم يالغۇز يۈرىدىغان بولدۇم... — دېدى - دە، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — ... لېكىن... ئۇ ئىختىيارسىزلا پات - پات كاللامغا كىرىۋالىدۇ.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى بۇغا شاھ، — دائىم يالغۇز يۈرىدىكەنسەن - دە؟

— ھەئە، — بەمبى ئۇنىڭدىن نېمە گەپ ئاڭلارمەنكىن دەپ خېلى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇغا شاھ لام - جىم دېمەي تۇرۇۋالدى.

ئۇلار داۋاملىق ماڭىۋەردى. تۇيۇقسىز بۇغا شاھ مېڭىشتىن توختىدى - دە:

— بىرەر شەپىنى سەزمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بەمبى زەن سېلىپ تىڭشاپمۇ ھېچنېمىنى سېزەلمىدى.

— بېرى كەل! — بۇغا شاھ ئۇنى توۋلىدى - دە، ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. بەمبى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

— تېخىچىلا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىڭمۇ؟ — سورىدى بۇغا شاھ توختاپ.

بەمبىگە قانداقتۇر بىر ئاۋازلار بىلەر - بىلىنمەس ئاڭلانغاندەك بولدى. دەرەخ شاخلىرى پەسكە تارتىلىپ قويۇپ بېرىلىۋاتقاندەك، يەنە قانداق-



تۇر بىر نەرسە يەرگە قالايمىقان ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىر ئاۋازلار.

بەمبى بۇرنىلا قاچماقچى بولدى.

— يۈر! — بۇغا شاھ ئۇنى توۋلىدى ـ دە، ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بەمبى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سورىدى:

— ئۇ يەر خەتەرلىك ئەمەسما؟

— خەتەرلىك بولمامدىكى! — بۇغا شاھ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى، — ئىنتايىن خەتەرلىك!

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار دەرەخ شېخىنىڭ نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ تارتىشى بىلەن ھە دەپ پۇلاڭلاۋاتقانلىقىنى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۈچلۈك تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. يېقىن بېرىپ قارىغاندى، چاتقاللىق ئارىسىدا بىر چېغىر يول كۆرۈندى.

ياۋا توشقان يەردە ياتاتتى. ئۇ تۇرۇپلا پۇت ـ قوللىرىنى مىدىرلىتىپ ئۇياق ـ بۇياققا پۇلاڭلىسا، تۇرۇپلا تىت ـ تىت بولغىنىچە جىممىدە يېتىپ قالاتتى. ئۇ ھەربىر مىدىرلىغاندا ئۈستىدىكى دەرەخ شېخىمۇ تەڭ پۇلاڭلايتتى.



بەمبى قېنىق رەڭلىك بىر لېنتىنىڭ خۇددى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىۋىقلىرىغا ئوخشاش شاختىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ توشقاننىڭ بوينىغا ئورىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا توشقان بىرسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ بولدى بولغاي، قاچماقچى بولۇپ سەكرىگەنىدى، ھېلىقى لېنتا قويۇپ بەرمەي، ئوت - چۆپ ئارىسىغا گۈپپىدە يىقىلدى - دە، غال - غال تىترەشكە باشلىدى.

— مىدىرلىماي جىم يات! — دېدى بۇغا شاھ بۇيرۇق قىلىپ. ئاندىن توشقاننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا يەنە تەكرارلىدى، — ئۆزۈڭنى بېسىۋال، قورقما، بۇ مەن، توشقان ئاغىنە! مىدىرلىماي جىممىدە يېتىپ تۇرغىن، — بۇغا شاھنىڭ مېھرىبان ئاۋازى بەمبىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

توشقان ھاسىرىغىنىچە جىممىدە يېتىپ تۇردى.

بۇغا شاھ لېنتا چىگىپ قويۇلغان تانا چىۋىقنى چىشلەپ تۇرۇپ ئەپچىللىك بىلەن پەسكە تارتتى. تۇياقلىرىدا يەرگە بېسىپ، مۈڭگۈزى بىلەن شاخنى يىرىۋەتتى.

ئاندىن توشقانغا ئېگىلىپ:

— ئاغرىسىمۇ جىم ياتقىن، — دەپ تاپىلىدى.

بۇغا شاھ بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىنى توشقاننىڭ بوينىغا يېقىن ئەكەلدى - دە، قۇلىقىنىڭ كەينىدىكى مويلىرىنى چىڭ باستى. ئاندىن دەسسەپ تۇرۇپ بېشىنى پەسكە سىلكىگەنىدى، توشقان ئاغرىقتا چىدىماي پۈكۈلۈپ كەتتى.

بۇغا شاھ دەرھال ئۇنى بوشىتىۋېتىپ:

— جىم! بۇ دېگەن ھاياتىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىش! — دېدى بۇيرۇق قىلىپ. ئاندىن يەنە باشتىن باشلىدى.



توشقان ھاسىرىغىنىچە ياتماقتا، بەمبى بىر چەتتە كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇرماقتا.

مانا، بۇغا شاھ تىزلانغىنىچە بوينىنى تولغاپ مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىنى توشقاننىڭ مويىغا بېسىپ

تۇرۇپ قاپقاننىڭ ئارىسىغا نىقتىدى. ئاندىن ئاستا - ئاستا كىرگۈز- گەندى، ئاخىر قاپقان بوشاشقا باشلىدى.

توشقاننىڭ كانىيى بوشاش بىلەن تەڭ قورقۇش ۋە ئازابتىن «ۋايجان!» دەپ چىرقىرىغىنىچە يىغلاپ كەتتى.

بۇغا شاھ جىم بولۇپ قالدى.

— ئۈنۈڭنى باس، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — جىم بول! — ئۇنىڭ ئاغزى توشقاننىڭ مۇرىسىدە، بىر مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچى توشقاننىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، قارىماققا ئۇنىڭ بەدىنىگە سانجىلغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

— نېمانداق گەپ ئاڭلىمايدىغان نېمسەن، يىغلىما، بولامدۇ، — دېدى بۇغا شاھ ئۇنى ئەيىبلەپ، لېكىن تەلەپپۇزىدىن ھېچبىر قوپاللىق بىلىنمەيتتى، — تۈلكىنى كەلسۇن دەۋاتامسەن يا؟ ھە، بولدى، بول- دى، جىم!

بۇغا شاھ ئېھتىيات بىلەن خېلى ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاخىر قاپقان شالاققىدە ئېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن توشقان ئىرغىپ تۇردى - دە، ئەركىنلىككە ئېرىشتى. لېكىن ئۇ دەماللىققا ئېسىگە كېلىپ بولالمىغاندى. ئۇ بىر قەدەم ئېلىپلا دەلدۈگۈنۈپ ئولتۇ- رۇپ قالدى، ئاندىن دىك - دىك سەكرىگىنىچە دەسلەپ ئاستا، تارتىنىپقىنا، ئارقىدىن ئىتتىكلەپ پەرتتىدە قېچىپ كەتتى.

— رەھمەتمۇ دەپ قويمىدا! — دېدى بەمبى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ھەيران بولۇپ.

— ئۇ تېخىچىلا ئېسىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى بۇغا شاھ.



بەمبى يەردىكى دۆگىلەك قاپقاننى تېپىپ كۆ- رۈپ باققانىدى، داراڭ - دۇرۇڭ قىلىپ كەتتى. ئورماندا مۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا بەمبى چۆچۈپ كەتتى.

— «ئۇ»نىڭ نەرسىسى ئوخشاي-



دۇ... — دېدى بەمبى پىچىرلاپ.

بۇغا شاھ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلار ئۈن - تىنسىز ياندىشىپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

— دىققەت قىلىپ ماڭ، — دېدى بۇغا شاھ، — يولدا ئەتراپىڭدىكى شاخ - شۇمبىلارنى تەكشۈرگەچ تۇر. مۈڭگۈزۈڭنىڭ ئۇچىدا تۇرتۇپ، مۇشۇنداق داراڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلىساڭلا دەرھال ئارقىڭغا بۇرال. بولۇپمۇ مۈڭگۈز تاشلىغان مەزگىلىڭدە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولمىساڭ بولمايدۇ. مېنىڭ بۇغا يولىدا ماڭمىغىنىمغا خېلى زامانلار بولدى.



بەمبى چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

— «ئۇ» بۇ يەردە يوق ئوخشايدۇ... — دېدى بەمبى ھەيران بولغىنىدىن ئۆز - ئۆزىگە.

— ياق... ھازىر ئۇ ئورماندا ئەمەس، — دېدى بۇغا شاھ.

— لېكىن «ئۇ» بەرىبىر كەلمەي قالمايدۇ! — دېدى بەمبى بېشىنى چايقاپ.

— گېبىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دېگەن گېپى ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى بۇغا شاھ ئازابلانغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، «ئۇ»نىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، قالتىس ئاق كۆڭۈل دەپ پو ئاتقان ئەمەسمىدى...

— «ئۇ»نىڭ راستىنلا ھەممە ئىش قولىدىن كېلەمدۇ؟ — سورىدى بەمبى پىچىرلاپ.

— سەن «ئۇ»نى تېخىچىلا ئاق كۆڭۈل دەپ قارامسەن؟ — دېدى بۇغا شاھ غەزەپلىنىپ.

بەمبى ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— گېبىرغا... «ئۇ»... يامانلىق قىلماپتىكەنغۇ...

بۇغا شاھ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بۇ گەپكە ئىشەندىڭمۇ بەمبى؟ — دەپ سورىدى خورسىنغان ھالدا. بۇ ئۇنىڭ بەمبىنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئاتىشى ئىدى.

— بىلمەيمەن! — دېدى بەمبى ئازابلانغىنىدىن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، — بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيمەن!

— بىز قانداق ياشاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك... — دېدى بۇغا شاھ ئالدىرىماي، — بۇنىڭ ئۈچۈن ھوشيار بولمىساق بولمايدۇ.



# 21 ـ باب

يەنە بىر سەھەر كېلىشى بىلەن بەمبى بەختسىزلىككە دۇچار بولدى.

ئۇيۇق ئەمدىلا بىلىق قورسىقىدەك ئاقۇچ تۇسكە كىرىشى بىلەن ئورمان غۇۋا تاڭ نۇرىغا چۇلغاندى. ئوتلاقنى سۇت رەڭ نىپىز تۇمان باسقان، ئەتراپ شۇ قەدەر تىمتاس ئىدى.

قارا قاغىلار تېخى ئويغانمىغان، سېغىزخانلارمۇ يوق، ئالا قاغىلار تېخىچە چۇش كۆرۈشمەكتە ئىدى.

بەمبى كېچىدە فالىنە بىلەن ئۇچراشقان، فالىنە نومۇسچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا غەمكىن قاراپ تۇرغانىدى.

— يالغۇز يۈرۈۋېرىپ بەك زېرىكتىم، — دېگەنىدى فالىنە شۇنىرلاپ.

— مەنمۇ دائىم يالغۇزغۇ، — دېدى بەمبىمۇ سەل ئىككىلىنىپ.



ـــ سەن نىمشقا مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالـ
دىڭ، ـــ دىدى فالىنە نىمدىندۇر ئەنسرەپ. شوخ ھەم كەڭ قورـ
ساق فالىنەنىڭ ئەمدىلىكتە شۇنچىلىك ئىغىر ـ بىسىق ھەم ئىچى تار
بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ بەمبىنىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى.
ـــ مەن يالغۇز يۈرمىسەم بولمايدۇ، ـــ دىدى بەمبى. ئۇ گەپنى
شۇنچە سلىق قىلمەن دىسمۇ، يەنىلا قاتتىق چىقىپ كەتتى. بۇنى
ئۆزىمۇ ھىس قىلدى.



فالىنە ئۇنىڭغا سەپسىلىپ
قارىغىنىچە:
ـــ مىنى ھازىرمۇ ياخشى
كۆرەمسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.
ـــ بىلمەيمەن، ـــ دىدى بەمبى بۇرۇنقىدەكلا.
شۇنىڭ بىلەن فالىنە ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ، لام ـ جىم دىمەيلا
كىتىپ قالدى.
مانا ئەمدى بەمبى ئوتلاقنىڭ قىرىدىكى ھىلىقى يوغان كاۋچۇك
دەرىخى تۈۋىدە سىرتقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ تۇرماقتا. تاڭ شاـ
مىلىدا يەلپۈنۈپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ چەكسىز راھەتلەنمەكتە.
ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇزاقتىن بۇيان بۇنچىلىك يايراپ باقمىغان. شۇڭلاشقا
ئۇ غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئوتلاققا يەڭگىل قەدەم تاشلىدى.
تۇيۇقسىز گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يەر سىلكىندى.
بەمبى نىمدۇر بىر نەرسە كىلىپ سوقۇلغاندەك سەنتۈرۈلۈپ
كەتتى.
ئۇ دەرھال ئورمانغا بۇرىلىپ قاچتى. نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىـ
لىشكە، ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جان ـ جەھلى بىلەن قاچىۋەردى.
قورقۇپ كەتكىنىدىن يولغىمۇ قارىماي، ئۇدۇل كەلگەن ياققا قاچىـ
ۋەردى، قاچىۋىرىپ دىمىمۇ سىقىلدى. بىردىنلا بەدىنىگە پىچاق تىقىـ
قاندەك ئاغرىق كىرىپ چىدىيالماي قالدى. سول پاقالچىقىدىن ئىسـ
سىق بىر نەرسە ئىقىۋاتقاندەك، يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىق ئاشۇ



جايدىن پۇتكۈل بەدىنىگە تاراۋاتقاندەك سىزىلدى. بەمبى ئامال- سىز يۇگۈرۈشتىن توختاپ، پۇتىنى سۆرىگىنىچە ئاستا ماڭدى. تۇ- يۇقسىز قۇيۇمچاق سۆڭكى بىلەن پاقالچاق ئارىلىقى قاتقاندەك بولۇپ ھەرىكەتكە كەلمەي قويدى - دە، گۈپپىدە يىقىلدى.

مۇشۇ پەيتى بىردەم يېتىۋالسا نېمىدېگەن راھەت - ھە!

— ئورنۇڭدىن تۇر، بەمبى! تۇر دەۋاتىمەن! — بۇغا شاھ ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ مۇرىسىنى بوش تۈرتتى. بەمبى «تۇرالمىغۇدەكمەن» دەي دەپ تۇرۇشىغا، بۇغا شاھ توختىماستىن: «تۇر! تۇر!» دەۋەر- دى. تەلەپپۇزى شۇنچىلىك جىددىي، شۇنچىلىك مېھرىبان ئىدىكى، بەمبى ئاغرىقى بىردەمگىنە توختىغاندەك بولۇپ، بايىقى دېمەكچى بولغان گېپىنىمۇ ئېچىگە يۇتتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر! بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسەك بولمايدۇ ئوغلۇم! — دېدى بۇغا شاھ تىت - تىت بولۇپ.

«ئوغلۇم!» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان بەمبى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.



— يارايسەن! — دېدى بۇغا شاھ يېنىك بىر تىنىپ. ئاندىن جىددىي تۇستە ئېيت- تى، — ئەمدى مەن بىلەن ماڭ... ئارقىمدىن چىقماي ماڭغىن...

بۇغا شاھ يوغان - يو- غان قەدەم تاشلاشقا باشلى- دى، بەمبى ئارقىسىدىن ئەگەشتى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەكمۇ يېتىپ ئارام ئالغۇسى بار ئىدى.

بۇغا شاھ ئۇنىڭ كۆڭلى-

دىكىنى بىلىپ بولدى بولغاي، ھە دەپ ئۇنى ئىلھاملاندۇرغىلى تۇردى:
— ھازىرچە ئاغرىقتا چىدا، يىتىشنى ھەرگىز خىيال قىلما... ياتـ
ساڭلا ئۇخلاپ قالىسەن. شۇ تاپتا جىنىڭنى ساقلاپ قالمىساڭ بولمايـ
دۇ بەمبى... ئۇقتۇڭمۇ؟... ئۆزۈڭنى ئـۆزۈڭ قۇتقۇزمـىساڭ... تۈگـ
شىسەن... ئىسىڭدە بولسۇنكـى، «ئۇ» سىنـى قوغلاپ كېلىۋاتـىدۇ...
بەمبى، بىلدىڭمۇ؟... «ئۇ» قىلچـە رەھىم ـ شەپـقەت قىلـماي سىنـى
ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ... يۈر، بۇ تەرەپكە ماڭ... مانـا مۇشۇنداق. يـۈرە...
ياخشى بولۇپ كېتىسەن... چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن...
بەمبىنىڭ ئۆيلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. ھەربىر قەدەم ئالغـ
ىندا ئاغرىق دەستىدىن ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ نەپىسى قىسىلسا، پـا
قالچىقىدىن ئېقىۋاتقان قان ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سالاتتى.
بۇغا شاھ چوڭ بىر دائىرىنى ئەگىپ ئۇنى خېلىغىچە ئەگەشتۈرۈپ
ماڭدى. بەمبى ئاغرىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقـى ۋە ھالسىراپ
كەتكەنلىكتىن ئېسىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلـ
رىنىڭ ھېلىقى يوغان كاۋچۇك دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن يەنە ئۆتكەنلىكىنى
بايقاپ قالدى ـ دە، ھەيران بولدى.





بۇ چاغدا بۇغا شاھ توختاپ بېشىنى ئەگكىنچە يەرنى پۇراپ كۆردى.

— بۇ يەر! — دېدى ئۇ پىچىرلاپ،
— بۇ يەر... «ئۇ»نىڭ... ماۋۇ يەر... ئىتنىڭ... تېز كەل... بولە!

ئۇلار يۇگۈرۈشكە باشلىدى.

— ئەنە... — دېدى بۇغا شاھ، — بايا سەن ياتقان جاي.

بەمبى بايا ئۆزى بېسۋەتكەن ئوت - چۆپلەر ۋە تۇپراققا سى-ڭىشكە باشلىغان قانلارنى كۆردى.

بۇغا شاھ ئۇ يەرنى ئەستايىدىل ھىدلىغاندىن كېيىن:

— ئۇلار بۇ يەرگە كەپتۇ... «ئۇ» ۋە ئىتى... بولدى، كېلىۋەر-گىن! — بۇغا شاھ پۇرىغاچ ئالدى تەرەپكە ئاستا ماڭدى.

بەمبى چاتقال يوپۇرماقلىرى، ئوت - چۆپلەرگە تېمىپ قالغان قانلارنىڭ تېخىچە پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «بۇ يەردىن مې-ڭىپتىكەنمىز.» ئۇ شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دېگۈدەك ھالى قالمىغانىدى.

— ئەمدى بولدى! — دېدى بۇغا شاھ خۇش بولۇپ، — بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدۇق...

ئۇلار بۇ ئىزنى بويلاپ يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بۇغا شاھ تۇيۇقسىزلا يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ بىر ئايلىنىپ چىقتى. بەمبى گاراڭ ھالەتتە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ ماڭدى.

ئۇلار كاۋچۇك دەرىخىنىڭ قېشىدىن يەنە ئۆتتى. لېكىن بۇ قېتىم قارشى يۆنىلىشتە بولۇپ، بەمبى يىقىلغان جايغا يەنە يۇگۈ-رۈپ كېلىشتى. ئاندىن بۇغا شاھ باشقا بىر يۆنىلىشنى تاللىدى.

— بۇنى يېگىن! — بۇغا شاھ توختاپ بىرمۇنچە چۆپنى يانغا چايچىپ چىقىرىپ، يېڭىلا ئۈنگەن ياپيېشىل، ئۇششاق يوپۇرماقلارنى كۆرسىتىپ، بەمبىگە يېيىشنى بۇيرۇدى.

بەمبى بۇغا شاھنىڭ دېگىنىنى قىلدى. بۇ چۆپ ناھايىتى قىرتاق، پۇرىقىمۇ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇراتتى. سەل ئۆتكەندىن



كېيىن بۇغا شاھ سورىدى:

— قانداقراق؟

— سەل ياخشى بولۇپ قالدىم، — دېدى بەمبى. ئۇنىڭ ئاغزى بىردىنلا گەپكە كەلگەن، خېلى ئېسىگە كېلىپ، ئاغرىقمۇ خېلىلا پەسەيلەپ قالغانىدى.

يەنە بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن بۇغا شاھ:

— ئەمدى سەن ئالدىمدا ماڭغىن، — دەپ تاپىلىدى. بەمبىنىڭ ئارقىسىدىن بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن، — ئەمدى بولار! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن توختىدى.

— قان توختاپتۇ، — دېدى بۇغا شاھ، — قېنىڭ ئاقمىغاندىكىن سەنمۇ تۇتۇلمايسەن دېگەن گەپ... «ئۇ»نىڭ بىلەن ئىتى سېنى تېپىپ ئۆلتۈرەلمەيدۇ.

بۇغا شاھ ناھايىتى ھېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئاۋازىدىن يەنىلا قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بېرى كەل، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ئۇبدانراق ئارام ئالغىن.

ئۇلار ھېلىقى چوڭقۇر جىلغىنىڭ بويىغا كەلدى. بەمبى بۇنچىۋالا كەڭ ياردىن ئەزەلدىن ئۆتۈپ باقمىغانىدى. بۇغا شاھ يارغا سەكرەپ چۈشكەندى، بەمبىمۇ تەڭ چۈشتى، بىراق قارشى تەرەپتىكى دۆڭگە يامىشىپ چىقىش بەمبىگە بەكلا مۇشەققەتلىك تۇيۇلدى. بەدىنىگە يەنە ئاغرىق تارىلىپ، سەنتۈرۈلگىنىچە يىقىلىپ چۈشتى ھەم تىرمىشىپ قوپماقچى بولغانىدى يەنە يىقىلىپ ھاسىرىغىلى تۇردى.

— ساڭا ياردەم قىلسام بولمايدۇ، — دېدى بۇغا شاھ، — چوقۇم ئۆزۈڭ قوپۇشۇڭ كېرەك!

بەمبى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاخىر دۆڭگە چىقتى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ پاقالچىقى يەنە ئىسسىق تۇيۇلۇپ، ھالسىزلىنىشقا باشلىدى.

— يەنە قان ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى بۇغا شاھ، — لېكىن



ئازراق... ئۇنىڭ ئۈستىگە، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بوش ئاۋازدا ئېيتتى، — ئەمدى چوڭ توسالغۇ قالمىدى.

ئۇلار ئاستا ئىلگىرىلەپ ئېگىز بىر بۇك ئورمانلىققا كىردى. ئورمانلىق تېگى يۇمشاق، تۈز بولۇپ، مېڭىش بەكمۇ راھەت ئىدى. بەمبىنىڭ مۇشۇ يەردە پۇتلىرىنى ئۈزۈن سۇنۇپ، مىدىر قىلماي يېتىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. بېشى يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، ئىككى چېكىسى زىڭ - زىڭ لوقۇلداپ، بەدىنى قىزىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئارام ئېلىشلا ئىدى. شۇنداقتىمۇ خاتىرجەم تۇرمۇشىنىڭ بىردىنلا ئۈزۈلۈپ، مۇنچىۋالا زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا سەل ھەيران قالماقتا ئىدى. ئىلگىرى ئۇ شۇنچىلىك ساغلام، يارىلىنىپ باقمىغان، ئورماننى ئەركىن - ئازادە كېزىپ يۈرەتتى... بۈگۈن ئەتىگەن... يەنى بىر سائەت ئىلگىرى... ئۇ مەزگىللىرى قارىغاندا ئەمدى كەلمەسكە كەتكەن، بەختىمۇ قاچقاندەك قىلاتتى.

ئۇلار يەنە بىر پاكار كاۋچۇكزار بىلەن كورنۇسزارلىقتىن ئۆتتى. ئالدىدا غايەت زور، كۆكرىكى يېرىقلىق بىر بۇك دەرىخى شاخلىرى چاتقاللىققا پاتقىنىچە يولنى توسۇپ توغرىسىغا ياتاتتى.

— كەلدۇق... — بەمبى بۇغا شاھنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدى.



بۇغا شاھ بۇك دەرىخىنى ياقىلاپ ماڭدى. بەمبىمۇ ئۇنى ئەگىشىپ ماڭىمەن دەپ بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدى.

— ئەمدى بولدى، — دېدى بۇغا شاھ، — ئەمدى مۇشۇ يەردە ياتساڭ بولىدۇ.

بەمبى ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى - دە، جىممىدە يېتىپ قالدى.

يىقىلغان بۇك دەرىخىنىڭ تېگىدىكى بۇ ئازگال خېلىلا چوڭقۇر بولۇپ، كىچىكرەك بىر



ئۆيگىلا ئوخشايتتى. ئازگالنىڭ چۆرىسىنى چاتقال ۋە دەرەخ شاخلىرى
ھەممىدە ئوراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ تېگىگە كىرىپ يېتىۋالغاننى ھېچكىم
كۆرەلمەيتتى.

— بۇ يەر بەك بىخەتەر، — دېدى بۇغا شاھ، — سەن مۇشۇ
يەردە تۇرغىن.

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈشكە
باشلىدى.

بەمبى ئىسسىق ئازگالدا ياتسا بېشى چىرىپ كەتكەن بۇك دەرد-
خىگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يارىسى ئاستا - ئاستا ساقىيىپ، ئاغرىق-
مۇ بارا - بارا قويۇپ بەردى.

بەزىدە ئۇ سىرتقا ئۆمىلەپ چىقىپ تېنىنىڭ ئاجىزلىقى، سۇنتۇرۇ-
لۇشلىرىگە قارىماي ئۆرە بولاتتى - دە، قېتىپ كەتكەن پۇتىنى سۇ-
رىگىنىچە ئوتلىغىلى ماڭاتتى. ھازىر دورا چۆپلەرنى يېمىسە بولمايدۇ.
بۇ نەرسىلەرگە بۇرۇن دىققەت قىلمىغان بولسا، مانا ئەمدى ئۇلار
ئاجايىپ يۇراقلىرى بىلەن ئۇنى جەلپ قىلىپ، يېگىلى چاقىرماقتا.
ئىلگىرى كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغان، ئۇقۇشماي يەپ

سالسىمۇ قۇسۇپ چىقىرىۋەتمىگۈچە ئارام تاپمايدىغان دورا چۆپلەر مانا ئەمدى شۇنچىلىك مەززىلىك بىلىنمەكتە. ئەلۋەتتە بەزى ئۇششاق يوپۇرماقلىق، پاكار ھەم توم چۆپلەر ئاشقازاننى ئېچىشتۇرسىمۇ، يەنىلا يېمەي ئامال يوق. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ يارىسى تېز ساقىيىپ، بەدىنىگىمۇ ئوبدانلا ماغدۇر كىرىپ قالغانىدى.

ئۇ ئاخىر خەتەردىن قۇتۇلدى. لېكىن ھازىرچە بۇ پاناھ جايىنى تاشلاپ كېتەلمەي، پەقەت كېچىلىرىلا ئەتراپتا ئاز - تولا ھەرىكەتلىنىپ، كۈندۈزى ئازگالدا جىممىدە يېتىش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. ئاغرىقى توختىغانلىقتىن، ئۆز بېشىغا كەلگەن بالالار ئېسىگە يېتىپ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە يۈرىكى سۇ بولماقتا. ئۇ بۇ خىل ئازابلىق ئەسلىمە ۋە تۇيغۇلاردىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز ھەم بۇرۇنقىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى بىمالال كېزىپ يۈرەلمەيدۇ. ئۇ جىممىدە ياتقىنى بىلەن، يۈرىكى ۋەھىمە، پۇشايمان، ئەجەبلىنىش ۋە ھاياجانلار ئارىلىشىپ كەتكەن تۇيغۇلار ئىچىدە تىنىمسىز تېپىرلىماقتا. تۇرۇپلا دەرد - ھەسرەتكە پاتسا، تۇرۇپلا ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتى.



بۇغا شاھ ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلمىدى. دەسلەپتە كېچە - كۈندۈز دېمەي، قېشىدا يېتىپ ئۇنى باقتى. كېيىنچە، بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ بەمبى چوڭقۇر خىيالغا پاتقان مەزگىللەردە بەمبىنى يالغۇز قويىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە بۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇ يەنىلا مۇشۇ ئەتراپتا بولاتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. كەچقۇرۇن يامغۇر توختاپ، ھاۋا سۈپسۈزۈك ئېچىلىپ، ئۇپۇق كەچكى شەپەقتە ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. ئېگىز بىر دەرەخ ئۈستىدە تۇردۇس بىلەن تورغاي سايرىماقتا، پاكار دەرەخلەر ئارىسىدا چۈمچۈقلار ۋىچىلداپ ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرمەكتە؛ ئوت - چۆپلەر ۋە يەرگە چاپلىشىپ ئۆسكەن چاتقاللىقلار ئارىسىدىن قىرغاۋۇللارنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك، ياڭراق ئاۋازى، تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ قىقىلاپ كۈلۈشلىرى، يەنە ياۋا كەپتەرلەرنىڭ بوغۇلداشلىرىمۇ ئاڭلانماقتا ئىدى.

بەمبى دەرەخ تېگىدىكى ئازگالدىن ئۆمىلەپ چىقتى. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە.

بۇغا شاھ خۇددى ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتقاندەك ئالدىدا تىك تۇراتتى.

ئۇلار بىللە سەيلە قىلغاچ ئەتراپنى ئايلاندى.

ئاندىن ئۇلار جىلغىدىن ئۆتۈپ باشقا بىر جايغا باردى.

بەمبى كەينىگە قاراپمۇ قويمىدى.



## 22 - باب

كېچە، كۈز شاملىدا خازانلار شىلدىرلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۈكە چىرقىراق ئاۋازدا ھۇۋلىغىنىچە دەرەخ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى - دە، باشقىلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك جىم بولۇپ قالدى.

بەمبى شالاڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن ئۇنى يىراقتىنلا كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالدى.

ئۈكە يېقىن كەلگەندە تېخىمۇ چىڭ ھۇۋلاپ يەنە بىرەر ئىنكاسنىڭ چىقىشىنى كۈتتى. لېكىن بەمبى يەنىلا جىم تۇرۇۋالدى.

بۇ قېتىم ئۈكە ئاخىر چىداپ تۇرالمىدى - دە:

— قورقۇپ كەتمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى نارازى بولۇپ.

— ھىم، — دېدى بەمبى خۇشياقمىغاندەك، — ئازراق.

— ۋۇ — ۋۇ، — ئۈكە خاپا بولۇپ غۇدۇراپ كەتتى، — ئازراق دېگىنىڭ نېمىسى؟ بۇرۇن بەك قورقۇپ كېتەتتىڭغۇ. قورقۇپ كەتكىنىڭنى كۆرسەم بەك خۇش بولىمەن. ھازىر ئازراق قورقىدىغان بولۇپ قېلىشىڭدا زادى نېمە سەۋەب باردۇ؟... — ئۇ بەك خاپا بولۇپ كەتكىنىدىن توختىماي غۇدۇرىماقتا ئىدى، — ئازراق دېگىن...

ئۈكە قېرىپ قالغاچقا، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك مەنمەنچى، گۇمانخور بولۇپ كەتكەنىدى.

بەمبى ئەسلىدە ئۇنىڭغا: بۇرۇنمۇ سېنىڭدىن قورقۇپ باقمىغان، پەقەت سېنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويغان دېمەكچى بولدى - يۇ، بۇ گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ياشنىپ



قالغان ئاق كۆڭۈل ئۆكەنىڭ تېرىكىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەل ئېچى ئاغرىپ قالدى ـ دە:

— كېلىدىغانلىقىڭنى بىلگەنلىكىمدىن شۇنداق بولغاندۇ، — دەپ قويدى.

— نېمە؟ — ئۆكە بىردىنلا خۇش بولۇپ كەتتى، — كېلىدىغانلىقىمنى بىلەمتىڭ؟

— ھىم، — بەمبى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى، — ئاۋازىڭنى باشتا ئاڭلاپلا كېلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ بولغان. بولمىسا بۇرۇنقىدەكلا قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولاتتىم.

— راستما؟ — دېدى ئۆكە.

بەمبىنىڭ ئۇنى خاپا قىلغۇسى كەلمىگەنىدى. بۇنداق دەپ قويغانغا نېمە بولاتتى. بالا مېجەز بۇ قېرىنى خۇش قىلىپ قويغان ياخشىدە.

— راست بولمايچۇ، — دېدى بەمبى تەكىتلەپ. ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — چىرقىراق ئاۋازىڭنى ئاڭلىساملا قورقۇپ غال - غال تىترەپ كېتىمەن...

ئۆكە خۇش بولۇپ كەتكىنىدىن پەيلىرىنى ھۆرپەيتىپ پەي تۇپ سىياقىغا كىردى.

— سەن نېمىدېگەن ياخشى، تېخىچە مېنى ئۇنتۇماپسەن... بەك ياخشى... — دېدى ئۇ تەسىرلەنگىنىدىن، — كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق زامانلار بوپتىكەن.

— شۇنداق، بەك ئۇزاق بوپتۇ، — دېدى بەمبى.

— ھازىرمۇ ھېلىقى كونا يولدا ماڭامسەن؟ — سورىدى ئۆكە.

— ماڭماس بولدۇم... — بەمبى ئالدىرىماي جاۋاب بەردى، — ئۇ يولدا ئەمدى ھەرگىز ماڭمايمەن.

— مەن ھازىرمۇ نەگە بارغۇم كەلسە بارىۋېرىمەن. بۇرۇنقىدىنمۇ يىراق جايلارغا بېرىپ تۇرىمەن، — ئۆكە قىن - قىنىغا پاتماي پو

ئاتسمۇ، لېكىن ياش بىرەيلەننىڭ ئۆزىنى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىن چوقۇغىنىچە قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئېغىزغا ئالمىدى، — بىز ھە دېسە كىچىك بىر دائىرىدە تۇرۇۋېرىشنى خالىمايمىز، — ئۇ شۇ-داق قوشۇمچە قىلدى ـ دە، بەمبىنىڭ جاۋابىنى كۈتتى.

بىراق بۇ چاغدا بەمبى كېتىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر بۇغا شاھىنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولغاچقا، ماڭغاندا تىۋىش چىقارماس بولغانىدى.

بۇ قېتىم ئۈكەنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

«قاملاشمىغان... — دېدى ئۇ ئاغرىنىپ ھەمدە بەدىنىنى تىترى-تىپ قويۇپ، تۇمشۇقىنى كۆكرىكىگە تىققىنىچە ھاياتتىكى پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتى، — ھېچكىمگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، سەن بىلەن دوست تارتىشىپ يۈرگەن ئۇ بىرنېمىلەر ھازىر سېنى ۋاي دېگىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى بېشىڭغا دەسسەيدۇ... ئەنە شۇ چاغدا ماڭا ئوخشاش شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ قالىسەن...»

تۇيۇقسىز ئۇ بىر چاشقاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۆزىنى يەرگە تىككىدە ئاتتى. ئۇنىڭ راسا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاچقا، چاشقان ئۇنىڭ تىرناقلىرىدا چىر ـ چىر قىرىغىنىچە تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتتى. ئان-دىن ئۇ چاشقاننى ئىككى ـ ئۈچ يالماپلا ئادەتتىكىدىنمۇ تېز يەپ بولدى ـ دە، ئۇچۇپ كەتتى. «بەمبى دېگەن ئۇ بىرنېمە بىلەن نېمە كارىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، — ئۇ ئې-سىلزادىلەر بىلەن نېمە كارىم؟ كارىم يوق!» ئۇنىڭ تىللاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىدىن ئۈركۈپ كەتكەن بىرنەچچە بېلىقئالغۇچ پالاق ـ پۇلۇق ئۇچۇپ كېتىشتى.



ئۇدا نەچچە كۈن چىققان بوران شاخلار-دىكى ئاخىرقى يوپۇرماقلارنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتىپ، دەرەخلەر قاقشال پېتى سوغۇققا يەم

بولدى.

بەمبى تاك سۆزۈلۈش بىلەن تەك قايتىپ، بۇغا شاھ بىلەن بىللە بۇك دەرىخى تىگىدىكى ئازگالدا بىللە ئۇخلىماقچى بولدى. تۇيۇقسىز ئىنچىكە بىر ئاۋاز كەينى - كەينىدىن ئاڭلىنىپ ئۇنى توختاتتى. تىين دەرەخ ئۈستىدىن چاقماقتەك چۈشتى - دە، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇر-غىنىچە:

— سەن ئىكەنسەنغۇ! — دېدى ھەم ھەيران، ھەم خۇش بولغى-نىدىن چىرقىراق ئاۋازدا.

— قىشمىدىن ئۆتتۈۋىدىك تونۇغاندەك قىلدىم، لېكىن بىر تۇرۇپ يەنە تازا ئىشەنگۈم كەلمىدى...

— بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىسەن؟... — سورىدى بەمبى چۈشىنەلمەي.

تىيىنىنىڭ كىچىككىنە يۈزىدىكى خۇشاللىق بىردىنلا خاپىلىققا ئۆز-گەردى.

— قېرى كاۋچۇك دەرىخى يوق بولدى... — دېدى ئۇ شىكايەت قىلىپ، — ھېلىقى چىرايلىق كاۋچۇك دەرىخىنى دەۋاتىمەن... ئې-سىڭدىدۇ؟... بەكلا قورقۇنچلۇق... «ئۇ» ئۇنى ئۆرۈۋەتتى.

بەمبى ئاشۇ سېھىرلىك دەرەخ ئۈچۈن ئازابلانغىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بۇ ئىش بەك تېز يۈز بەردى، — دېدى تى-يىن، — كاۋچۇك دەرىخىدە تۇرۇشلۇق جىمى ئاھالە ئۇنىڭدىن قېچىپ چۈشۈپ، ناھايىتى يوغان، پارقىراق چىشىنىڭ ئۇنى غاجاپ كېسىشلىرىگە كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپلا قېلىشتۇق. كاۋچۇك دەرىخى ھە دەپ ئىڭراشقا، ھېلىقى چىشمۇ توختىماي غاجاشقا باش-لىدى... قالغىنىنى دېيىشكىمۇ



تىلىم بارمايدۇ. ئۇزاققا قالماي چىرايلىق ھەم بىچارە كاۋچۇك دەرى-
خى ئوتلاق تەرەپكە يىقىلدى... بىز ھۆر - ھۆر يىغلىشىپ كەتتۇق.

بەمبى گەپ قىلالماي قالدى.

— ھەي... — تىيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — باش-
قىلارنىڭ نەلەرگە تاراپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم... ئۆزۈم بۇ يەرگە
قېچىپ كېلىۋالدىم... ئۇنداق يوغان دەرەخنى ئەمدى تاپماق تەس
جۇمۇ.

«ئەي كاۋچۇك دەرىخى... — دېدى بەمبى ئۆز - ئۆزىگە پى-
چىرلاپ، — كىچىككىمدىن ماڭا تونۇش ئىدىڭ.»

— دېگەنبىلەن... ساڭا ئۇچراپ قالدىم! — تىيىننىڭ چىرايىغا
بىردىنلا خۇشاللىق يۈگۈردى، — كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى سېنى ئۆل-
دىگە چىقىرىۋەتكەن. ئەلۋەتتە تىرىك ئىكەن دېگۈچىلەرمۇ بولغان...
يەنە كىملەردۇر سېنى بىرسى بىلەن بىللە ئىكەن دەپ يۈرۈشكەن...
لېكىن ھەقىقىي خەۋىرىڭنى زادىلا ئالالمىغاچقا، بۇلارنىڭ بەرىنى ئەپ-
قاچتى گەپلەر دېيىشكەندۇق... — تىيىن بەمبىگە گۇمانلىق نەزەردە
تىكىلدى، — شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كېلىپ باقمىدىڭغۇ دەيمەن؟

ئۇنىڭ بەمبىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدىن بۇ ئىشقا ناھا-
يىتى قىزىقىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بەمبى يەنىلا گەپ قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە ئاز -
تولا ئەندىشە پەيدا بولۇپ، فالىنە، ئانىنا چوڭ ئاپىسى، روننو، كا-
لىسلار ھەمدە بالا چاغلىرىدىكى دوستلىرى توغرۇ-
لۇق سورىماقچى بولغانىدى. لېكىن ئېغىز ئاچقۇسى
كەلمىدى.



تىيىن تېخىچىلا ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇ-
راتتى.

— مۈڭگۈزۈڭ نېمىدېگەن قالتىس! — دېدى
ئۇ ئىختىيارسىز ماختاپ، — بەك چىرايلىقكەن! بۇغا
شاھتىن بۆلەك، پۈتكۈل ئورمان بويىچە ھېچكىمنىڭ

مۇنداق مۆڭگۈزى يوق!

بۇرۇنقى چاغلاردا مۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلىغان بولسا بەمبى چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىپ خۇش بولغىنىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالاتتى. لېكىن ھازىر ئۇ خۇشياقمىغاندەك:

— شۇنداقمۇ... بەلكىم شۇنداقتۇ... — دەپلا قويدى.

— ھەقىقەتەن شۇنداق! — دېدى تىپىن ھەيران بولغىنىدىن بې-شىنى تەكرار - تەكرار لىڭشىتىپ، — راست، يۇڭلىرىڭمۇ كۆل رەڭ-گە ئۆزگەرگىلى تۇرۇپتۇ.

بەمبى ئالدىغا ماڭدى.

تىپىن پاراڭنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ بىر شاخقا سەكرىدى.

— ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن، — دېدى ئۇ پەسكە تۇۋلاپ، — ساڭا ئاقىۋەل تىلەيمەن، ئامان بولغىن! بۈگۈن سېنىڭ بى-لەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن بەك خۇش بولدۇم. تونۇشلىرىڭنى ئۇچرىتىپ قالغۇدەك بولسام، سېنى تېخى ھاياتكەن دەپ قويىمەن... بۇنى ئاڭ-لىسا ئۇلار چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەمبىنىڭ يۈرىكى يەنە ھاياجانغا تولدى، بىراق ئۇ يەنىلا گەپ قىلمىدى.

بۇغا شاھ ئىلگىرى ئۇنىڭغا، بىز چوقۇم يالغۇز ياشىماسلىق بول-مايدۇ، دېگەنىدى. ئۇ چاغدا بەمبى تېخى بالا ئىدى. شۇنىڭدىن تار-تىپ تا ھازىرغىچە بۇغا شاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىلھام ئاتا قىلىپ ھەم نۇرغۇن سىرلارنى دەپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ بەرگەن شۇن-چە ئۆگۈتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى: بىز چوقۇم يالغۇز ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنى قوغدايمىز، ھايات ھەقىقىتىنى چۈشە-نىپ يەم - پاراسەتلىك بولىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم يالغۇز ياشىشىمىز كېرەك، دېگەن گېپىدۇر.

— بىراق، — دەپ سورىدى بەمبى بىر قېتىم گۇمانلىنىپ، — بىراق ئىككىمىز ھا-

زىر دائىم بىللە تۇرۇۋاتىمىزغۇ...

— ئۇزاققا بارمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بۇغا شاھ.

بۇ بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇنقى ئىش.

مانا ھازىر بۇ گەپ تۇيۇقسىزلا بەمبىنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى. بولۇپمۇ بۇغا شاھ ئەڭ دەسلەپ دېگەن «يالغۇز» دېگەن سۆز ئۇنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتى. ئۇ چاغدا بەمبى تېخى بالا بولۇپ، ئاپىسىنى چاقىرىپ يۈرگەندە بۇغا شاھ ئۆزى كېلىپ: «بىر-دەم يالغۇز قالغانغا نېمە بوپتۇ؟» دېگەندى.

بەمبى داۋاملىق ئالغا مېڭىۋەردى.



# 23 ـ باب

ئورمان يەنە قېلىن قار يوتقانغا پۈركەنگىنىچە جىمجىت ئۈيقۇغا كەتتى. پەقەت قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، يەنە ئا-رىلاپ ـ ئارىلاپ سېغىزخاننىڭ دەردلىك شاراقلاشلىرى بىلەن چۈمە-چۈقلارنىڭ تارتىنىپ ئاستا ۋىچىلداشلىرىمۇ بار. ئۇزاق ئۆتمەي قەھرىتان سوغۇقنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممە تىنچىپ، جان ـ جانى-ۋارلار دىر ـ دىر تىترەشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى ئىتلارنىڭ قاۋىشى جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئىتلار-نىڭ ھەدەپ قاۋىشى پۈتكۈل ئورماننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندى.

يىقىلغان بۈك دەرىخىنىڭ تېگىدە بەمبى بېشىنى كۆتۈرۈپ قېشى-دا ياتقان بۇغا شاھقا قارىدى.

ـــ ھېچقىسى يوق، ـــ دېدى بۇغا شاھ بەمبىنىڭ سوراق نەزىرى بىلەن تولغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە جاۋاب بېرىپ، ـــ بىز بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق.

ئىككىيلەن تەڭلا زەن قويۇپ تىڭشاشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن ئازگالدا ياتىۋەردى. بۈك دەرىخى ئۆگزە ئورنىدا ئۇلارغا پاناھ بولسا، قېلىن قار ـ مۇزلار سوغۇققا دالدا بولدى. ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلار چىتلاق بولۇپ ئۇلارنى يامان كۆزلەردىن توسىدى.

ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى. قەھىرلىك قا-ۋاشلار ئارىسىدا ھاسىراۋاتقىنى كۈچۈكتەك قىلاتتى.

ئاۋاز يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. ئىككىيلەن ھاسىرىماقتا، ئىتنىڭ قاۋىشىدىن باشقا يەنە بوش، ئازابلىق ئىڭراشمۇ ئاڭلاندى. بەمبىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بۇغا شاھ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

ـــ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق، ـــ دېدى.

ئۇلار ئازگالدا جىمجىت ياتقىنىچە سىرتقا قاراپ تۇردى.

بۇ چاغدا شاخلارنىڭ پاراس - پۇرۇسلىرى بارغانچە يېقىنلاپ،
سوقۇلغان شاخلار ئۈستىدىكى كاللەك قارلار دومىلاپ چۈشۈپ، ئـەت-
راپ قار توزانلىرى بىلەن تولدى.

ئەمدى زادى كىمنىڭ بۇ تەرەپكە قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى ئايدىڭ
بولغانىدى.

بىر تۈلكە دەرەخلەر ئارىسىدىكى كۆلتۈك قاردا ئۆلەر - تىرىلـ-
شگە قارىماي قاچماقتا ئىدى.

قوغلاپ كېلىۋاتقىنى پاكار تايغاندەك قىلاتتى.

تۈلكىنىڭ ئالدى بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن، تېرىسىنىڭ بىرنـەچ-
چە يېرى تىتىلغان، سۇنغان پۇتىنى ئالدىغا كۆتۈرۈۋالغان، يارىسىدىن
بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ هە دەپ هاسىرىماقتا، ۋەهـ-
مىلىك كۆزلىرى يىراقلارغا يېتىشكە ئالدىرىماقتا. قورقۇش، غەزەپ
ۋە هارغىنلىق ئۇنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە سۆرىمەكتە ئىدى.

تۈلكـە تۇيۇقسـىز شىددەتـلىك ئارقـىغا بۇرالـدى -دە، قاتتىـق
هۆرگەندى، تايغان چۆچۈگىنىدىن ئارقىسىغا داجىدى.

تۈلكە زوڭ ئولتۇرۇپ قالغان بولۇپ، ئەمدى قېچىشقا ئـامالسىـز
ئىدى. ئۇ ئەلەملىك غىڭشىغىنىچە يارىلانغان پۇتىنى كۆتۈرۈپ، چىـش-



لىرىنى ھىڭگايتقىنىچە تايغانغا قەھرلىك ھۆرمەكتە.

تايغانىنىڭ قاۋاشلىرى ھېچ توختار ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆچيسپ قۇلاق ـ مېڭىنى يېمەكتە.

ــ بۇ يەردە! ــ دەپ غەلۋە قىلاتتى تايغان، ــ بۇ يەردە! بۇ يەردە! بۇ يەر! بۇ يەر! بۇ يەر! ــ ئەمدىلىكتە ئۇ تۈلكىنى تاشلاپ كەينىدىكى يىراقتا كېلىۋاتقان كىمدۇر بىرىنى تېز كېلىشكە ئالدىراتماقتا.

بۇغا شاھقا ئوخشاش بەمبىگىمۇ تايغانىنىڭ چاقىرىۋاتقىنىنىڭ «ئۇ» ئىكەنلىكى ئېنىق.

تۈلكىمۇ بۇنى بىلەتتى. كۆكرىكىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان قان بەدىنىنى بويلاپ ئاپپاق قارغا تامچىماقتا، تامغان جايدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلمەكتە.

ئېسىنى يوقىتىپ قويااي دېگەن تۈلكىنىڭ يارىلانغان ئالدى پۇتى بوشاپ مۇزدەك قارغا تەگكەن ئاشۇ لەھزىدە يارىسىغا زىڭىلدە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى يەنە كۆتۈرۈپ، غال ـ غال تىترىگىنىچە:

ــ مېنى قويىۇۋەتكىن... قويىۇۋەتكىنچۇ... ــ دەپ يالۋۇردى. بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە ئاۋازىمۇ ئارانلا چىقتى.

ــ بولمايدۇ! بولمايدۇ! ــ دېدى تايغان زەھەرخەندىلىك بىلەن قاۋاپ.



— ئۆتۈنۈپ قالاي... ئەمدى قاچقۇچىلىكىممۇ قالمىدى... ئۆ-
لەيلا دەپ قالدىم... — دەيتتى تۈلكە يىلىنىپ، — مېنى قويۇۋەت-
كىن... ئۇۋامغا قايتىپ... ئارامخۇدا كۆز يۇماي...
— بولمايدۇ دېدىممۇ بولمايدۇ! — دېدى تايغان ئاغزى - ئاغ-
زىغا تەگمەي.
— بىز نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇرۇق - تۇغقانغۇ... — دېدى تۈلكە
يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ، — ئاغا - ئىنىلەردىن دېسەكمۇ بولىدۇ... مې-
نى قويۇۋەتكىن... ئۆلسەممۇ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قېشىدا ئۆلەي... بىز...
بىز ئاغا - ئىنىلەردىن... سېنىڭ بىلەن مەن...



— بولمايدۇ! بولمايدۇ! — تايغان هە دەپ قاۋىماقتا.
بۇ چاغدا تۈلكە قەددىنى رۇسلاپ، چىراي-
لىق، ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى قان ئېقىۋاتقان كۆك-
رىكىگە تىرەپ تۇرۇپ، تايغانغا نەشتەردەك قا-
دالدى - دە، غەزەپ بىلەن:
— هۇ نومۇسسىز خائىن، — دېدى. بۇ
قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي باشقىچە بو-
لۇپ، چەكسىز ئازاب ۋە نەپرەتكە تولغانىدى.
— خاتا! خاتا! خاتا! — قاۋىدى تايغان.
— هۇ تەخسكەش لالما... — دەپ تىل-
لىدى تۈلكە داۋاملىق، — هۇ ۋاپاغا جاپا قى-
لىدىغان ئەبلەخ! — ئۇنىڭ هېچ ماجالى قالمىغان بەدىنى ئۆچمەنلىك
ۋە مەنسىتمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىلپىتەك تۈز بولغانىدى، — هۇ قا-
تىل! هۇ شەرمەندە... «ئۇ» بىزنى تاپالمىسا سەن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ
تېپىشىپ بەردىڭ... «ئۇ» قوغلاپ يېتەلمىسە سەن قوغلاپ تۇتۇشۇپ
بەردىڭ... سەن بىزنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن، بىز سېنىڭ ئۇرۇق -
تۇغقىنىڭ جۇمۇ... مەن، مەن سېنىڭ ئۇكاڭ... يەنە خىجىل بولماي
قاراپ تۇرىسەنا؟
شۇ ئان ئەتراپتىن چۇقان كۆتۈرۈلدى.



— ھۇ خائىن! — دەپ ۋارقىراشتى بىر توپ سېغىزخان.

— ھۇ قاتىل! — دەپ ئاچچىق قىرقىرىدى بىر ئالا قاغا.

— ھۇ شەرمەندە! — دېدى سېرىق ئاغمىخان بوش ئاۋازدا.

— ھۇ تۇزكور ئەبلەخ! — دەپ غەزەپ بىلەن تىللىدى ئاقباش ئاغمىخان.

جىمى دەل - دەرەخ، چاتقاللىقلاردىن ۋىچىر - ۋىچىر، قى - چۇ قىلىشىپ تىللاشقان ئاۋازلار ياڭرىدى. تايغاننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قارا قاغا «ھۇ قانخور!» دەپ غەزەپلىك قاقىلىدى. شۇ ئان خالايىق تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىشىپ، بەزىلىرى ئېگىز شاخلارغا قونۇشۇپ، بەزىلىرى بىخەتەر جايلارغا يوشۇرۇنۇشۇپ بۇ قانلىق جەڭنى تاماشا قىلىشتى. تۈلكىنىڭ شىكايەتلىك نالىسى ھەممەيلەننىڭ يۈرەك تارىنى چەككەندى. قاردىكى ھور ئۆرلەپ تۇرغان قانلىرىغا قارىشىپ ئۇلار غەزەپكە كېلىشكىنىدىن قورقۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى.

— سىلەر، — دەپ قاۋىدى تايغان ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ، — زادى نېمىش قىلماقچى! سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار! تولا كاپشىماڭلار! خۇددى ماڭا ئوخشاش ھەممىڭلار «ئۇ»نىڭغا تەۋە! مەن... «ئۇ»نىڭغا ئامراق، «ئۇ»نى بەك چوڭ بىلىمەن. «ئۇ»نىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا... سىلەر قارشىلاشماقچىمۇ؟... مۇشۇ بىچارە ھالىڭلارغا «ئۇ»نىڭ بىلەن قارشىلاشماقچىمۇ؟ «ئۇ»نىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق! «ئۇ» نېمە قىل دېسە بىز شۇنى قىلىمىز! سىلەرنىڭ ھەممە نېمەڭلار «ئۇ»نىڭ! يېڭى تۇغۇلغان ھەم ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا «ئۇ»نىڭكى! — تايغان ھاياجانلانغىنىدىن تىترەپ كەتتى.

— ھۇ خائىن! — دەپ تىللىدى تىيىن.

— راست دەيسەن! — دېدى تۈلكە غەزەپ بىلەن تىللاپ تۇرۇپ، — خائىن! ھېچكىم سېنى دورىمىغاي... مەڭگۈ مۇشۇن-

داق يېتىم ئۆتكەيسەن...
— كىم يېتىمكەن؟... — دېدى تايغان ئاچچىقلانغىنىدىن پۇتلى-
رىنى شىلتىپ، — ھۇ ئالدامچى! «ئۇ»نىڭ ئەتراپىدا قانچىلىغان
نەرسىلەرنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟... ئات... كالا...
قوي... توخۇ... سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن نۇرغۇنلىرى، سىلەرنىڭ تۇ-
رۇڭلەردىن نۇرغۇنلىرى «ئۇ»نىڭ قېشىدا. «ئۇ»نىڭغا چوقۇنىدۇ...
«ئۇ»نىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ!
— ھۇ شەرمەندە! — دېدى تۈلكە ئۇنىڭغا غەزەپ ۋە مەنىست-
مەسلىك بىلەن تىكىلىپ.
بۇ چاغدا تايغان ئاچچىقىغا پايلىماي ئېتىلىپ بېرىپ تۈلكىنىڭ كا-
نىيىدىن ئالدى. ئۇلار غار- غۇر تالىشىپ، تىللاپ - جاڭجاللىشىپ،
يوملاقلىشىپ كەتتى. قارلار توزۇپ، ئىسسىق قانلىرى چاچرىدى. بې-
راق تۈلكە ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەي، بىردەمدىلا يىقىلدى - دە،
ئاپپاق قورسىقىنى كۆرسەتكىنىچە پۇتلىرى دىڭ - دىڭ تارتىشىپ جان
تەسلىم قىلدى.
تايغان تۈلكىنى تۇرتۇپ قارغا پېتىقلىۋەتكەندىن كېيىن پۇتلىرىنى
كېرىپ تۇرغىنىچە يەنە:
— بۇ يەردە! بۇ يەردە! بۇ يەردە! — دەپ قاۋىغىلى تۇردى.
قالغانلار قورققىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى.
— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق... — دېدى ئازگالدا ياتقان بەمبى
بۇغا شاھقا.

— ئەڭ قورقۇنچلۇقى، — دېدى
بۇغا شاھ، — ئۇلار بايا تايغاننىڭ دې-
گەنلىرىگە ئىشىنىپ قالدى. بۇ گەپلەر-
گە ئىشىنىپ ياشىغاندا ھەم «ئۇ»نىڭغا،
ھەم ئۆزلىرىگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ...
شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئىچىنىشلىق ھالدا
ئۆلۈپ كېتىشىدۇ.

## 24 ـ باب

ئۇزاققا سوزۇلغان قەھرىتان سوغۇق سەل يۇمشىدى، توڭلاپ
كەتكەن يەرگە ئەس كىرىشكە باشلىدى.
تۇپراق ئەگىزلەرنى كۆپلەپ سۈمۈرۈپ، ھەممىلا يەر پاتقاقچى-
لىققا تولغان. قاغىلار تېخى شادىيانە ناخشىلىرىنى باشلىمىغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇز ئىزدەپ يەرگە قونغان، بىر دە-
رەختىن يەنە بىر دەرەخكە ئۇچقان چاغدىكى ياڭراق، خۇشال قاقىل-
داشلىرى ناخشا ئېيتقاندىن پەرقسىز ئىدى. تۆمۈرتۇمشۇق يەنە ق-
ىلاپ كۆلۈشنى باشلىغان، سېغىزخان بىلەن قاغىلارمۇ كۆڭۈللۈك
پاراڭلارغا چۈشۈشكەن، چۈمچۇقلار غۇژمەك بولۇشۇپ گۇلقەقەل-
رى ئېچىلىپ كەتكەن، قىرغاۋۇللار ئارام ئالغان دەرەخلىرىدىن
ئۇچۇپ چۈشۈشۈپ جەم بولۇشۇپ، رەڭدار پەيلىرىنى ھۈرپەيتىشىپ
زوق ـ شوقى بىلەن سايراشماقتا ئىدى.
دەل ئاشۇنداق يەنە بىر سەھەردە بەمبى ئادىتى بويىچە ئەتراپنى
بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن تاڭنىڭ يورۇشىغا ئۈلگۈرۈپ ھېلىقى
چوڭقۇر جىلغا بويىغا باردى. جىلغىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇ ئىلگىرى بىر
مەزگىل تۇرغان جايدا نېمىدۇر بىر نەرسە مىدىرلاۋاتاتتى. بەمبى
دەرەخ شاخلىرىنى دالدا قىلىپ ئوغرىلىقچە قارىدى. دەرۋەقە ئۇ
جايدا بىر بۇغا ئاستا ئايلانغىنىچە قارلىرى ئېرىپ كەتكەن يەردىكى
يېڭىلا ئۈنۈپ چىققان يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتلاپ يۈرەتتى.
بەمبى پەرۋاسىز ھالدا بۇرۇلۇپلا ماڭماقچى بولدى ـ يۇ، تۇيۇق-
سىزلا ئۇنىڭ فالىنە ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى ھەمدە ھاياجانلانغىنىد-
دىن دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىماقچى بول-
دى. لېكىن فالىنەنى كۆرمىگىنىگە شۇنچە ئۇزاق بولغاچقا، نېمىشقى-
دۇر يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كەتتى. فالىنەنىڭ مېڭىشى بەكلا ئاستا،
قاتتىق ھېرىپ كەتكەن، چىرايى تولىمۇ سولغۇن، بەئەينى ئايىسىغا،

ئانىنا چوڭ ئاپىغىلا ئوخشايتتى. بەمبى ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە
سەپسېلىۋېتىپ، قەلبى ھەم خۇشاللىق، ھەم ئازابقا تولدى.

فالىنە بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە قارىدى، تۇرقىدىن ئۇ بەە-
بىنى كۆرگەندەك قىلاتتى.

بەمبىنىڭ يۈرىكى يەنە گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى ھەم ئۇنىڭ
قېشىغا بارماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە توختاپ قالدى. شۇ تاپتا كاللىسى
قۇپقۇرۇق، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى.

فالىنەنىڭ بەدىنىنىڭ كۆل رەڭ تۈسكە كىرگەنلىكىدىن قېرىغانلى-
قى چىقىپ تۇراتتى.

ئەينى چاغدىكى شوخ ھەم تۈرگۈن فالىنە نېمىدېگەن چىرايلىق
ھەم جانلىق ئىدى ھە، دەپ ئويلىدى بەمبى. شۇ ئان يىراق ئۆت-
مۈشكە ئايلانغان بالىلىق دەۋرىدىكى كۆرۈنۈشلەر خىيال ئېكرانىدىن
لەپ ـ لەپ ئۆتۈشكە باشلىدى: ئوتلاق، ئورماندىكى ئاپىسىغا ئەگە-
شىپ ماڭغان يوللار، گېيىر، فالىنەلەر بىلەن ئوينىغان ئويۇنلار،
ئويۇنخۇمار چېكەتكە بىلەن كېپىنەك، فالىنەگە ئېرىشىش ئۈچۈن
كالىس ۋە رونولار بىلەن ئېلىشقانلىقى. شۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ
قەلبى ئېيتقۇسىز بەختكە چۆمۈپ بۆلەكچە ئويناقلاپ كەتتى.

فالىنە ئاخىر بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ھارغىن ۋە ئازابلىق قىيا-
پەتتە كېتىپ قالدى. شۇ ئان بەمبىنىڭ قەلبىدە شېرىن بىر ئازاب پەيى-
دا بولدى ـ دە، دەرھال ئۆزى بىلەن فالىنەنى، يەنە باشقا دوستلى-
رىنى شۇنچە ۋاقىت ئايرىپ تۇرغان بۇ يەردىن ئۆتۈشنى، يۈگۈ-
رۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىششنى، ياشلىق مەزگىلىدىكى
گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى بىللە ئەستىن ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

بەمبى فالىنە تاكى قاقشال چاتقاللاردىن ئۆتۈپ كۆزدىن يىتكۈچە
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

ئاندىن يەنە ئۇ كەتكەن تەرەپكە ئۇزاق قارىدى.

تۇيۇقسىز گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بەمبى
چۆچۈگىنىدىن سەكرەپ كەتتى. ئاۋاز مۇشۇ يەردىن،

يارنىڭ بۇ لېۋىدىن ئاڭلانغانىدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ ئەتراپتا، ئۇنىڭ قېشىدىلا ئىدى.

ئارقىدىنلا يەنە شۇنداق ئاۋاز ئاڭلاندى.

بەمبى دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى ـ دە، ئورمانغا كىرىپ كەتتى. خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن توختاپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدى. ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئۇۋىسىغا قايتتى.

بۇغا شاھ بۇرۇنلا كېلىپ بولغان بولسىمۇ، تېخى ئازگاللغا كىرمەي، ئۇنى ساقلاۋاتقاندەك دۆب دەرىخىنىڭ قېشىدا تۇرغانىكەن.

— نەگە باردىڭ؟ بەك ئۇزاق يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ — ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى. بىراق بەمبى گەپ قىلمىدى.

— بايىقى ئاۋازنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — سەلدىن كېيىن بۇغا شاھ يەنە سورىدى.

— ئاڭلىدىم، — دېدى بەمبى، — ئۇچ قېتىم ياڭرىدى... «ئۇ» ئورماندىكەن.

— شۇنداق... — دېدى بۇغا شاھ بېشىنى لىڭشىتىپ. ئاندىن باشقىچە تەلەپپۇزدا بەمبىنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى، — «ئۇ» ئورماندا... بىز چوقۇم ئاشۇ جايغا بارمىساق بولمايدۇ.

— قەيەرگە بارىمىز؟ — بەمبى ئويلانمايلا سورىدى.

— ئاۋۇ ياققا، — دېدى بۇغا شاھ دانمۇدانە قىلىپ، — «ئۇ» بار تەرەپكە.

بەمبى ھەيرانۇھەس قالدى.

— ئالاقزەدە بولمىغىن، — دېدى بۇغا شاھ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يۈر، قورقمىغىن. سېنى بىللە ئېلىپ ماڭغىنىمدىن ئىنتايىن خۇر-



سەنمەن، ــ ئاندىن ئىككىلەنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، ــ كۆزۈمنىڭ ئۇچۇق مەزگىلىدە ساڭا بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قوياي دەيمەن...

بەمبى ھەيران بولغىنىچە بۇغا شاھقا قارىدى ـ دە، بىردىنلا ئۇنىڭ قېرىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن، يۈزى ناھايىتى جۈدەڭگۈ، چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نۇر خۇنۇكلىشىشكە باشلىغان، پەقەت ئازراقىنا يېشىل نۇرلا چاقناپ تۇراتتى.

بەمبى بۇغا شاھ بىلەن بىللە ئۇزاق ماڭمايلا بۇرۇننى ئىچىشتۇرىدىغان ئۆتكۈر پۇراق پۇرىدى ـ دە، يۈرىكىگە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئولاشتى.

بەمبى ماڭماي جىم تۇرۇۋالدى، لېكىن بۇغا شاھ بۇ پۇراققا يۈزلەنگىنىچە مېڭىۋەردى. بەمبى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدى.

دەمنى سىقىدىغان بۇ پۇراق بارغانچە قويۇقلىشىپ شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن بۇغا شاھ ھېچ توختار ئەمەس. بەمبىنىڭ قەلبىدە قېچىش ئويى قوداڭشىپ، مېڭىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۇنى ھە دەپ سۆرىمەكتە ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى زورغا بېسىپ بۇغا شاھنىڭ كەينىدە تۇراتتى.

مانا، دۈشمەنلىككە تولغان بۇ پۇراق تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشكە، ئەتراپنى بىر ئېلىشقا، دەمنى سىقىشقا باشلىدى.

ــ بېرى كەل! ــ دېدى بۇغا شاھ ماڭغاچ.

«ئۇ» ئۇلارنىڭ ئالدىدا، ئىككى قەدەم نېرىدىكى تىلغانغان قاردا سۇنۇپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلارنى بېسىپ ياتاتتى.

بەمبى ئىختىيارسىز چىرقىراپ سالدى ـ دە، بۇرۇنلىپلا قاچماقچى بولدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ــ توختا! ــ بۇغا شاھنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلاندى. بېشىنى بۇراپ قارىغانىدى، بۇغا شاھ تېخىچىلا شۇ يەردە خاتىرجەم تۇرۇپتۇ. «ئۇ»مۇ تېخىچىلا ئۇنىڭ تۇياقلىرىنىڭ تۈۋىدە ياتاتتى. ھەيرانلىقتىن باشقا يەنە بۇغا شاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكى، كۈچلۈك قىزىقىش ۋە

تەقەززالىق تۈپەيلىدىن بەمبى تەۋەككۈل دەپ ئالدىغا قەدەم ئالدى.

— يەنە يېقىنراق كەل... قورقما، — دېدى بۇغا شاھ.

«ئۇ» ئوڭدىسىغا ياتاتتى، قالپىقى بىر ياندىكى قارغا چۈشۈپ قالغانىدى. بەمبى قالپاقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە، «ئۇ»نىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن چېغى دەپ قالدى.

ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىنىڭ تۈكسىز بويىنىنى ياغاچ تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، يارىسى بەئەينى ئېچىلىپ قالغان قىزىل ئېغىزغىلا ئوخشايتتى. قان تېخىچە سىرغىپ چىقىۋاتقان، چېچى بىلەن بۇرنىنىڭ تېگىدىكى قانلار كالللەكلىشىپ كەتكەن. «ئۇ» قان ئېرىتكەن قاردا ئەنە شۇنداق ياتاتتى.

— بۇ يەردە، — دېدى بۇغا شاھ پىچىرلاپ، — ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىن تۇرۇۋاتساق... يەنە خەتەر نېمىش قىلىدۇ؟

بەمبى بېشىنى ئېگىپ، يەردە ياتقان بۇ ئەبلەخكە قارىدى. ئۇنىڭ بەدەن شەكلى، پۇت - قوللىرى ۋە تېرىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ سىرلىق، بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. «ئۇ»نىڭ تىنىمسىز كۆزلىرى مانا ئەمدىلىكتە ئۆزىگە ئالايغىنىچە قېتىپ قالغانىدى. بەمبى بۇلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى.



— بەمبى، — بۇغا شاھ ئۇنى تۇۋلىغاندىن كېيىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — «ئۇ»نىڭ ئارىمىزدىكى بىرەرسىمىزگە ئوخشاشلا جىمجىت ياتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ گېپىمنى ئاڭلا بەمبى، «ئۇ» بەزىلەر ئېيتقاندەك ھەممىگە قادىر ئەمەس. جىمى جانلىق «ئۇ»نىڭ ئۈچۈنلا تۇغۇلمايدۇ ھەم ياشىمايدۇ. «ئۇ» ھەممىمىزنىڭ باشقۇرغۇچىسىمۇ ئەمەس! «ئۇ»نىڭ بىزدىن ئارتۇق يېرى يوق، بىزگە ئوخشاشلا قورقىدۇ، جاپا چېكىدۇ، بەختسىز بوپ قالىدۇ. «ئۇ»مۇ خۇددى

بىزگە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ، بىزگە ئوخشاشلا ئىگە ـ چاقىسىز يېتىپ قالىدۇ. خۇددى سەن هازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى.

ــ گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن بەمبى؟ ــ سورىدى بۇغا شاھ.

ــ مېنىڭچە... ــ دېدى بەمبى بوش ئاۋازدا.

ــ قېنى سۆزلە! ــ دېدى بۇغا شاھ ئىلھاملاندۇرۇپ.

ــ يەنە بىر «ئۇ» بار... ــ دېدى بەمبى يۈزى قىزارغان، تىتىرىگەن هالدا، ــ ئېگىز كۆكتە بىزنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان... بىزنىڭ ئۈستىمىزدە، «ئۇ»نىڭمۇ ئۈستىدە.

ــ ئەمدى مەن كەتسەم بولغۇدەك، ــ دېدى بۇغا شاھ.

بۇغا شاھ بۇرالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىردەم ياندىشىپ ماڭدى.

ئېگىز بىر كاۋچۇك دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە بۇغا شاھ مېڭىشتىن توختىدى.

ــ ئەمدى مېنى ئەگەشمىگىن، بەمبى، ــ دېدى ئۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا، ــ مېنىڭ ۋاقتىم يەتتى. ئەمدى بىرەر لايىق جاي تېپىپ، ئاخىرەتنى كۈتمىسەم بولمايدۇ...

بەمبى نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

ــ ياق، ــ بۇغا شاھ ئۇنى گەپ قىلغىلى قويمىدى، ــ ياق... مەن كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن يالغۇز تۇرمىسام بولمايدۇ. ئەلۋىدا ئوغلۇم... سېنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن.



ياز، ئەتىگەندىلا دىمىقچىلىق باشلاندى، سالقىن شامالنىڭ شەپىسمۇ يوق. بۈگۈن كۈن ئاۋۋالقى كۈندىكىدىنمۇ ئالدىراشتەك بالدۇرلا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، جاھانغا ئوت پۈركۈپ تۇراتتى.

ئوتلاق ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى شەبنەملەر قۇرۇپ كەتكەن، يەرلەر



قۇرغاقلىشىپ چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى. سەھەر ئورمىنى تىمتاسلىقتا چۆمگەن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ قىقىلاپ كۈلگەنلىكى ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي مۇھەببەت ئىزھارلاپ بۇقۇلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەمبى ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى بۈككىدە چاتقاللار بىلەن ئورانغان خىلۋەت بىر ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتى. پاشىلار كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ بېشىنى چۆرگۈلەپ غىڭىلداشماقتا. يېنىدىكى ياڭاق دەرىخى يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا يوغان بىر ماي قوڭغۇز غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ ئۆرلە ـ ئۆرلە ئاخىر دەرەخ ئۇچىغا يەتتى. ئۇ ئاشۇ جايدا تاكى كەچقۇرۇنغىچە ئۇخلىماقچىدى. ماي قوڭغۇز قاناتلىرىنى كېرىپ كۈچەپ قاقماقتا.

— ئۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — سوراشتى پاشىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىسىدىن.

— بۇ بۇغا شاھ، — دېدى بىرنەچچە پاشا غىڭىلداپ.

— ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ بولدى، ئۇ تېخىچە ھاياتكەن، — دېدى يەنە بىرنەچچە پاشا.

— ئۇ زادى نەچچىلىك ياشىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ياشتا كىچىك بىرنەچچە پاشا.

— بىزمۇ بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى بىرنەچچىسى، — ئىشقىلىپ تەڭتۇشلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتىغۇ. مانا ئۇمۇ قېرىپ كېتىپتۇ، بەكلا قېرىپ كېتىپتۇ.

بەمبى ئالدىغا قاراپ قەدەم ئالدى. پاشىلار غىڭىلدىماقتا، ئۇ ئويلانماقتا...

تۇيۇقسىز سەبىي، ئالاقزەدىلىككە تولغان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئاۋازىدىن ئۆز نەسەبىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئاپا... ئاپا!

بەمبى چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە باردى. قىزىل



مويلۇق ئاكا ـ سىڭىل ئىككى بۇغىچاق بىچارە ھالدا:

— ئاپا... ئاپا... — دەپ توۋلاشماقتا ئىدى.

ئۇ ئىككىسى سېزىپ بولغۇچە بەمبى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەخ بولدى. بۇغىچاقلار ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قارىشىپلا قالدى.

— ئاپاڭلارنىڭ ھازىر ۋاقتى يوق، — دېدى بەمبى كۆڭلىنى قاتتىق تۇتۇپ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىگە قادىلىپ قارىغىنىچە، — بىردەم يالغۇز تۇرغانغا نېمە بولاتتىڭ؟

ئوغۇل ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى گەپ قىلمىدى.

بەمبى ئارقىسىغا بۇرالدى ـ دە، ياندىكى چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى. بۇغىچاقلار ئېسىنى تېپىپ بولغۇچە ئۇ كۆزدىن يىتكەنىدى.

ئۇ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە.

«قالتىس ئوغۇل بوپتۇ... — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇ چوڭراق بولغاندا يەنە كۆرۈشكىلى نېسىپ بولار...»

ئۇ توختىماي مېڭىۋەردى.

«ئۇ قىزچاق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇمۇ بەك ئوماقكەن... بەئەينى فالىنەنىڭ ئۆزىلا.»

ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئاخىر ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.



图书在版编目(CIP)数据

小鹿斑比：维吾尔文／（奥）费利克斯·萨尔滕著；帕尔哈提译. — 乌鲁木齐：新疆教育出版社，2017.3
ISBN 978-7-5573-0216-0

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①费… ②帕… Ⅲ. ①童话 — 奥地利 — 现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I521.88

中国版本图书馆CIP数据核字(2017)第058800号

编　　辑：帕利达·夏木西丁
　　　　　阿依古丽·阿西木
责任编辑：迪力夏提·依迪热司
责任校对：克尤木·图尔逊
封面设计：哈米丹



小鹿斑比

译　者　帕尔哈提·伊力牙斯
出　版　新疆教育出版社
地　址　乌鲁木齐市胜利路187号
邮　编　830049
发　行　新疆新华书店
印　刷　新疆朝阳印务有限责任公司
开　本　880毫米×1230毫米　1/32
印　张　7
字　数　135千字
版　次　2017年6月第1版
印　次　2017年6月第1次印刷
印　数　1～3000册
定　价　25.00元

